مارکس ئینگیلس

# گوڭچەنداڭ ختاپنامسی

مللەتلەر نەشریاتی





پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

ماركس  ئېنگېلس

# گوڭچەنداڭ خىتاپنامىسى

مىللەتلەر  نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


1872 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە سوز بېشى............... 3

1882 ـ يىلدىكى رۇسچە نەشرىگە سوز بېشى.............. 6

1883 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە سوز بېشى............... 9

1888 ـ يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە سوز بېشى.............. 11

1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە سوز بېشى .............. 21

1892 ـ يىلدىكى پولەكچە نەشرىگە سوز بېشى ............... 32

1893 ـ يىلدىكى ئىتالىيانچە نەشرىگە سوز بېشى............. 36

**گۇڭچەندالڭ خىتاپنامىسى**

1. بۇرژۇئازلار ۋە پۇرولېتارلار.............................. 41

2. پۇرولېتارلار ۋە كوممۇنىستلار............................ 66

3. سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەسەرلەر.................. 84

1) ئەكسىيەتچىل سوتسىيالىزىم ................................ 84

(ئا) فېوداللىق سوتسىيالىزىم ................................ 84

(ب) ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمى ............................ 88

(س) گېرمانىيە سوتسىيالىزىمى ياكى «ھەقىقى» سوتسىيالىزىم... 90

2) باۋشۇلۇق سوتسىيالىزىم ياكى بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمى ......... 96

3) پىپەنلىك ـ خىيالىي سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم............ 98

4. كوممۇنىستلارنىڭ ھەر خىل قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ........................... 104

ئىزاھلار ............................................... 108

# گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى[1]

ك. ماركس بىلەن ف. ئېنگېلس
تەرىپىدىن 1847-يىل 12-ئاي —
1848-يىل 1-ئايلاردا يېزىلغان

1848-يىل 2-ئايدا بىرىنچى
قېتىم لوندوندا كىتاپچە قىلىپ
نەشر قىلىنغان

# 1872 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە سۆز بېشى[2]

كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى — شۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا، تەبىي، پەقەت يوشۇرۇن تەشكىلات بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولغان بۇ خەلقارا ئىشچىلار تەشكىلاتى 1847 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى لوندون قۇرۇلتىيىدا ئىككىمىزگە ئېلان قىلىش كوزدە تۇتۇلغان مۇكەممەل بىر نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي پارتىيە گاكلىكىنى تەييارلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ «خىتاپنامە» ۋۇجۇتقا كەلدى، «خىتاپنامە»نىڭ قولىيازمىسى فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى بېسىش ئۈچۈن لوندونغا ئەۋەتىلدى. «خىتاپنامە» ئەڭ ئاۋۋال نېمىسچە نەشر قىلىندى، كېيىن يەنە گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا نېمىسچە كەم دېگەندە 12 قېتىم بېسىلدى. بىرىنچى قېتىمقى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ھېلېن ماكفارلېين خانىم تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، 1850 ـ يىلى لوندوندا چىقىدىغان «قىزىل جۇمھۇرىيەتچىلەر»[3] ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن 1871 ـ يىلى كەم دېگەندە يەنە ئۈچ خىل ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئامېرىكىدا نەشر قىلىندى. فرانسۇزچە تەرجىمىسى 1848 ـ يىلدىكى ئىيۇن قوزغىلىڭىدىن سەل ئىلگىرى بىرىنچى قېتىم پارىژدا بېسىلىپ چىقتى، يېقىندا يەنە نيۇ ـ يوركتا چىقىدىغان «سوتسىيالىزمچىلار گېزىتى»دە[4] بېسىلدى؛ ھازىر بىرەيلەن يەنە يېڭى تەرجىمىسىنى

تەييارلاۋاتىدۇ. پولەكچە تەرجىمىسى نىمىسچە دەسلەپكى نەشرى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئوتمەيلا لوندوندا مەيدانغا كەلدى. رۇسچە تەرجىمىسى 60 ـ يىللاردا جەنۋەدە نەشر قىلىندى. دانىيىلىكچە تەرجىمىسىمۇ نىمىسچىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئوتمەيلا نەشر قىلىندى.

يېقىنقى 25 يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالدا قانچە زور ئوزگىرىش بولغانلىغىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ «خىتاپنامە»دە ئالغا سۇرۇلگەن ئومۇمى توپ قائىدىلەر، ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھازىرمۇ تامامەن توغرا. ئايرىم جايلىرىغا بەزىبىر تۇزىتىشلەر كىرگۇزۇلسە بولاتتى. بۇ توپ قائىدىلەرنىڭ ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشى، خۇددى «خىتاپنامە»دە ئېيتىلغاندەك، ھەرقاچان، ھەر يەردە شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتقا باغلىق، شۇ سەۋەپتىن ئىككىنچى باپنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنقىلاۋىي تەدبىرلەرنىڭ ھېچبىر ئالاھىدە ئەھمىيىتى يوق. ھازىر شۇ جايىنى كوپ جەھەتتىن باشقىچە يېزىش كېرەك ئىدى. يېقىنقى 25 يىلدىن بۇيان يىرىك سانائەتنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىغى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشچىلار سىنىپى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭمۇ راۋاجلانغانلىغى، ئاۋال فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى بولغانلىغى، كېيىن بولۇپمۇ پرولېتارىيات بىرىنچى قېتىم ھاكىمىيەتنى ئىككى ئاي داۋامىدا ئوز قولىدا تۇتقان پارىژ گوڭشېسىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى بولغانلىغى ئۇچۇن، بۇ گاڭلىڭنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ھازىر ۋاقتى ئوتۇپ كەتتى. بولۇپمۇ گوڭشې ئىسپاتلىدىكى، «ئىشچىلار سىنىپى تەييار دولەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئوز مەقسىدىگە يېتىش ئۇچۇن ئىشلىتەلمەيدۇ.» («فرانسىيىدىكى

ئىچكى ئۇرۇش. خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋەيىيۇەنخۇيىنىڭ خىتاپنامىسى» نىمىسچە نەشرىنىڭ 19 ـ بېتىگە قاراڭ، ئۇ يەردە بۇ ئىدىيە تېخىمۇ تولۇق ئالغا سۇرۇلگەن.) ئاندىن قالسا، ناھايىتى روشەنكى، سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر ئۈستىدە قىلىنغان پىكىرلەر بۈگۈن قارايدىغان بولساق تولۇق بولمىغان، چۈنكى بۇ پىكىرلەر پەقەت 1847 ـ يىلغىچە چىققانلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئوخشاشلا، ناھايىتى روشەنكى، كوممۇنىستلارنىڭ ھەر خىل قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى توغرىسىدا قويۇلغان پىكىرلەر (تۆتىنچى باپ) گەرچە ھازىرمۇ ئومۇمەن توغرا بولسىمۇ، لېكىن سىياسى ۋەزىيەت تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە شۇ چاغدا كۆرسىتىلگەن پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كۆپچىلىگى تارىخنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقتىن، ئۇ پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەھەتتە ھەر ھالدا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

بىراق «خىتاپنامە» بىر تارىخىي ھۆججەت، ئەمدى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ھەققىمىز يوق. كېلەر قېتىم قايتا نەشر قىلىنغاندا، ئېھتىمال، 1847 ـ يىلدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر مۇقەددىمە قوشۇشىمىز مۇمكىن. بۇ قېتىم قايتا نەشر قىلىش بەك ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، بۇ ئىشنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق.

**كارل ماركس    فرىدرىخ ئېنگېلس**

1872 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، لوندون

# 1882 ـ يىلدىكى رۇسچە نەشرىگە سۆز بېشى[5]

«كۆكچەندانىڭ خىتاپنامىسى»نىڭ باكۇنىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە بىرىنچى نەشرى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا[6] «قوڭغۇراق»[7] باسمىخانىسى تەرىپىدىن بېسىلىپ دۇنياغا كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا غەرپتە بۇ ئىش («خىتاپنامە»نىڭ رۇسچە تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشى) پەقەت ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر ئاجايىپ ئىش دەپ قارالغان ئىدى. بۈگۈن بۇنداق قاراشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ ۋاقىتتا (1847 ـ يىل 12 ـ ئايدا) پرولېتارىيات ھەرىكىتى تارقالغان جايلار شۇنچە تار ئىدىكى، بۇنى «خىتاپنامە»نىڭ «كوممۇنىستلارنىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ھەر خىل قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى» دىگەن ئاخىرقى بابىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ باپتا دەل روسىيە بىلەن ئامېرىكا تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇ چاغدا، روسىيە ياۋروپادىكى پۈتۈن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر چوڭ زاپاس ئارمىيىسى ئىدى؛ ئامېرىكا ئاھالىنىڭ كۆچۈشى ئارقىلىق ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ ئوشۇقچە كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىككى مەملىكەت ياۋروپانى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپانىڭ سانائەت بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان بازار بولۇپ تۇراتتى. دىمەك، بۇ ئىككى مەملىكەت

قانداقلا بولمسۇن شۇ ۋاقىتتا ياۋروپادىكى مەۋجۇت تەرتىپنىڭ تىرىگى ئىدى.

بۇگۇن ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى! دەل ياۋروپادىن ئاھالىنىڭ كوچۇشى شىمالىي ئامېرىكىغا كەڭ كولەملىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بەردى، بۇنداق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى رىقابەت ياۋروپادىكى چوڭ ـ كىچىك يەر مۇلۇكچىلىگىنىڭ ھۇلىنى تەۋرەتمەكتە. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنداق ئاھالىنىڭ كوچۇشى يەنە ئامېرىكىغا ئوزىنىڭ مول سانائەت مەنبەلىرىنى غايەت زور كۇچ بىلەن ۋە كەڭ كولەمدە ئېچىش ئىمكانىيىتىنى بەردى، بۇ ھال غەربىي ياۋروپانىڭ بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ ھازىرغىچە بولغان سانائەتتىكى لۇگدۇەنلىك ئورنىنى ناھايىتى تېز بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ ئوزىگىمۇ ئىنقىلاۋىي تەسىر كورسەتمەكتە. پۇتكۇل سىياسى تۇزۇمنىڭ ئاساسى بولغان نۇگچاڭ ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى يەر مۇلكى چوڭ نۇگچاڭلارنىڭ رىقابىتى تەرىپىدىن پەيدىن ـ پەي بويسۇندۇرۇلماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، سانائەت رايونلىرىدا سانى كوپ بولغان پۇرولېتارىيات ۋە كاپىتالنىڭ ھەيران قالغۇدەك توپلىنىشى يۇكسىلىشكە باشلىدى.

ئەمدى روسىيىگە قاراپ باقايلى! 1848 ـــ 1849 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە، ياۋروپادىكى پادىشالارلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا بۇرژۇئازلىرىمۇ روسىيىنىڭ ئارىلىششىنى ئوزلىرىنىڭ ئەمدىلا ئويغىنىپ كېلىۋاتقان پۇرولېتارىياتقا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بىردىن ـ بىر نىجات يۇلتۇز دەپ بىلەتتى. چار پادىشا ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۇچلىرىنىڭ باشلىغى دەپ ئېلان قىلىنغان

ئىدى. ھازىر، چار پادىشا ئىنقىلاپنىڭ ئەسىرى بولۇپ، گاتچىنادا قامىلىپ ياتماقتا[8]، روسىيە بولسا ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ ئىلغار قوشۇنى بولۇپ قالدى.

«كوممۇنىستىك خىتاپنامە»نىڭ ۋەزىپىسى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا مۇلۇكچىلىگىنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىغىنى جاكالاش ئىدى. لېكىن بىز روسىيىدە، چاپسان ئەۋج ئېلىۋاتقان كاپىتالىستىك تەلۋىلىك ۋە ئەمدىلا راۋاجلىنىشقا باشلىغان بۇرژۇئا يەر مۇلۇكچىلىگىدىن باشقا، يەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ يەنىلا دىخانلار ئومۇم ئىگىدارلىغىدا ئىكەنلىگىنى كورىمىز. خوش، ئۇنداق بولسا: روسىيىدىكى گۆڭشى ـــ ھەقىقەتەن قاتتىق خاراپ قىلىنغان بۇ ئىپتىدائى ئومۇم يەر مۇلۇكچىلىك شەكلى ئالى، كوممۇنىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك شەكلىگە بىۋاستە ئوتەلەمدۇ؟ ياكى، ئەكسىچە، ئۇ ئاۋال غەرپنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئوز بېشىدىن كەچۈرگەن پارچىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۇشى كېرەكمۇ؟

ھازىر بۇ سوئالغا بېرىشكە بولىدىغان بىردىن ـ بىر جاۋاپ مۇنداق: مۇبادا روسىيە ئىنقىلاۋى غەرپتىكى پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئۈچۈن سىگنال بولۇپ، ئىككىسى بىر بىرىنى تولۇقلىسا، ئۇ ھالدا روسىيىنىڭ ھازىرقى ئومۇم يەر مۇلۇكچىلىگى كوممۇنىزىم تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ.

**كارل ماركس فرىدرىخ ئېنگېلس**

1882 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، لوندون

# 1883 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە سۆز بېشى[9]

بۇ نەشرىنىڭ سۆز بېشىغا، بەختكە قارشى، يالغۇز ماڭلا قول قويۇشقا توغرا كەلدى. ماركس — بۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپى ئۇچۇن باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا تېخمۇ زور تۆھپە قوشقان ئەرباپ — خايگېيت قەۋرىستانىدا يېتىپتۇ، ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىدە ئوت - چۆپلەر تۇنجى قېتىم ئۈنۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، «خىتاپنامە»نى قانداقتۇ تۈزىتىش ياكى تولۇقلاش توغرىسىدا سۆز بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە تۆۋەندىكى نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ ئۆتۈشنى بەكمۇ زۆرۈر دەپ ھېساپلايمەن.

«خىتاپنامە»دە باشتىن ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈلگەن تۈپ ئىدىيە يەنى: ھەر بىر تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئاساسى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن (ئىپتىدائىي ئومۇم يەر مۇلۇكچىلىكى بۇزۇلغاندىن بۇيان) پۈتكۈل تارىخ سىنىپىي كۈرەش تارىخى يەنى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار

ئۇتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخى بولۇپ كەلدى؛ بۇ كۈرەش ھازىر مۇنداق بىر باسقۇچقا يەتتى، يەنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپ (پۇرولېتارىيات) ئەگەر ئۆزى بىلەن بىللە پۈتكۈل جەمىيەتنى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن، زۇلۇمدىن ۋە سىنىپىي كۈرەشتىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇرمايدىغان بولسا، ئۆزىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئەزگۈچى سىنىپ (بۇرژۇئازىيە)تىن يەنىلا ئۆزىنى ئازات قىلالمايدۇ، — بۇ تۈپ ئىدىيە تامامەن ماركسنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق[1].

مەن بۇ نۇقتىنى بىرنەچچە مەرتىۋە ئېيتقان ئىدىم، ئەمما دەل ھازىر بۇنى «خىتاپنامە»نىڭ ئالدىغا ئېنىق يېزىپ قويۇشۇم كېرەك.

**ف. ئېنگېلس**

1883 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، لوندون

---

① مەن ئېنگلىزچە تەرجىمىسىگە يازغان سۆز بېشىدا مۇنداق دېگەن ئىدىم: «بۇ ئىدىيە، مېنىڭچە، دارۋىن تەلىماتى بىئولوگىيىگە قانداق تۆھپە قوشقان بولسا، تارىخشۇناسلىققا شۇنداق تۆھپە قوشۇشى لازىم، بىز ئىككىمىز بۇ ئىدىيىگە 1845 - يىلدىن بىرنەچچە يىل ئاۋۋاللا پەيدىن - پەي يېقىنلىشىپ كەلگەن ئىدۇق. شۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا بۇ جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرىلىگەنلىكىمنى "ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى" دېگەن كىتاۋىمدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما 1845 - يىلى باھاردا برىيۇسسېلدا ماركس بىلەن يەنە ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ مۇشۇ ئىدىيىنى رەتكە سېلىپ قويغان ئىكەن ھەمدە ئۇنى خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدىكىدەك ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن ماڭا بايان قىلىپ بەرگەن ئىدى.» (ئېنگېلسنىڭ 1890 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى)

# 1888 ـ يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىگە سوز بېشى[10]

«خىتاپنامە» كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ــ دەسلەپتە پەقەتلا گېرمانىيە ئىشچىلىرى تەشكىلاتى بولغان، كېيىن خەلقارا ئىشچىلار تەشكىلاتىغا ئايلانغان، 1848 ـ يىلدىن ئىلگىرى بولسا ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى سىياسى شارائىتتا يوشۇرۇن تەشكىلات بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر بولغان بۇ ئىشچىلار تەشكىلاتىنىڭ گاڭلىگى سۈپىتىدە ئېلان قىلىندى. 1847 ـ يىل 11 ـ ئايدا لوندوندا ئوتكۇزۇلگەن ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ماركس بىلەن ئېنگېلسقا ئېلان قىلىش كوزدە تۇتۇلغان مۇكەممەل نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي پارتىيە گاڭلىگىنى تەييارلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ قولىيازمىسى 1848 ـ يىل 1 ـ ئايدا نېمىسچە يېزىلىپ چىقتى ۋە 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنىدىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى بېسىش ئۇچۇن لوندونغا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى 1848 ـ يىلدىكى ئىيۇن قوزغىلىڭىدىن سەل ئىلگىرى پارىژدا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىمقى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ھېلىن ماكفارلېين خانىم تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، 1850 ـ يىلى گېورگى جۇلىان ھارنىينىڭ لوندوندا چىقىدىغان «قىزىل جۇمھۇرىيەتچىلەر» ژورنىلىدا بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دانىيىلىكچە تەرجىمىسى ۋە پولەكچە تەرجىمىسىمۇ نەشر قىلىندى.

پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئېلىشىش بولغان 1848 ـ يىلدىكى پارىژ ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ياۋروپا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائى ۋە سىياسى تەلەپلىرىنى يەنە ۋاقىتىنچە كەينىگە سۈرۈپ قويدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى يەنە فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش پەقەت مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى ئارىسىدىلا بولدى؛ ئىشچىلار سىنىپى بەزى سىياسى جەھەتتىكى پائالىيەت ئەركىنلىكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىشكە ھەمدە بۇرژۇئا رادىكال گۇرۇھىنىڭ چېكىدىن ئاشقان سول قانىتىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. جانلىنىپ تۇرغانلىقىنى داۋاملىق كۆرسىتىۋاتقان مۇستەقىل پرولېتارىيات ھەركەتلىرىنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. مەسىلەن، پرۇسسىيىنىڭ ساقچىلىرى شۇ ۋاقىتتا كيۇلندىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى جۇڭيائ ۋېيىۋەنخۇيىنى سېزىپ قالدى. ئۇنىڭ بەزى ئەزالىرى قولغا ئېلىندى ۋە 18 ئاي قامالغاندىن كېيىن، 1852 ـ يىل 10 ـ ئايدا فاتىڭنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ مەشھۇر «كيۇلندىكى كوممۇنىستلار ئەنزىسى» 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلدى؛ سوراققا تارتىلغانلاردىن 7 كىشى 3 يىلدىن 6 يىلغىچە قورولغا قاماشقا ھوكۇم قىلىندى. ھوكۇم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق قالغان ئەزالار تەرىپىدىن رەسمى تارقىتىۋېتىلدى. «خىتاپنامە» بولسا گويا شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن چوقۇم ئۇنتۇلۇپ قالدىغاندەك بولۇپ قالدى.

ياۋروپا ئىشچىلار سىنىپى ھوكۇمران سىنىپلارغا يەنە بىر مەرتىۋە ھۇجۇم قوزغىيالىغۇدەك كۈچنى يىغىۋاشتىن توپلىۋالغان ۋاقىتتا،

خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى مەيدانغا كەلدى. لېكىن بۇ جەمىيەتـ
نىڭ قۇرۇلۇشتىكى ئىنىق مەقسىدى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى
كۈرەش قىلىۋاتقان پۈتكۈل پرولېتارىياتىنى بىر گەۋدە قىلىپ
ئۇيۇشتۇرۇش ئىدى، شۇڭا، ئۇ «خىتاپنامە»دە بايان قىلىنغان
پىرىنسىپلارنى دەرھاللا جاكالىيالمايتتى. ئىنتېرناتسونالنىڭ ئەنگلىيە
ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىمۇ، فرانسىيە، بېلگىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانـ
يىلەردىكى پرۇدونچىلارمۇ شۇنىڭدەك گېرمانىيىدىكى لاسسالچىلارمۇ①
قوبۇل قىلالىغۇدەك يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭ بولغان بىر
گائىلىگى بولۇشى لازىم ئىدى. ماركس ھەممە پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى
قانائەتلەندۇرەلەيدىغان شۇنداق بىر گائىلىگىنى تەييارلاپ چىقتى،
ئۇ شۇ چاغلاردا ئۇمىدىنى بىرلىكتە ھەركەت قىلىش ۋە بىرلىكتە
مۇھاكىمە قىلىشتىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
مەنىۋى تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي باغلىغان ئىدى. كاپىتالغا
قارشى كۈرەشتىكى تۈرلۈك ۋەقەلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر ـــ يەنە كېلىپ
غەلىبىدىن كورە كوپرەك مەغلۇبىيەتلەر ـــ كىشىلەرگە ئۆزلىرى
ھەممە دەرتىكە داۋا دەپ ياخشى كورۇپ كەلگەن ھەر خىل
دورىلارنىڭ ھېچنىمىگە يارىمايدىغانلىقىنى تونۇتماي قالمىدى ھەم
ئۇلارنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقىغا چىقىشىنىڭ ھەقىقى

---

① لاسسالنىڭ ئۆزى بىز بىلەن ئالاقە قىلغان ۋاقىتلاردا دائىم ئۆزىنى، ماركسنىڭ شاگىرتىمەن، ماركسنىڭ شاگىرتى سۈپىتىدە «خىتاپنامە» مەيدانىدا تۇرىمەن، دەپ ھېسابلايتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ 1862 ـــ 1864 ـ يىللىرى قىلغان ئاشكارا تەرغىباتلىرىدا دولەتنىڭ قەرز پۇل بېرىشىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى قۇرۇش تەلىۋىدىن ئەسلا نېرى ئوتەلمىدى. (ئېنگېلسنىڭ ئىزاھى)

شارائىتنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىدىغان قىلىپ قويىدى. ماركس ھەقلىق ئىدى. 1874 - يىلى ئىنتېرناتسونال تارقالغان ۋاقىتتا، ئىشچىلار 1864 - يىلى ئىنتېرناتسونال قۇرۇلغان ۋاقىتتىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. فرانسىيىدىكى پرۇدونىزىم بىلەن گېرمانىيىدىكى لاسسالىزىمنىڭ جېنى تۈمشۇغىغا كېلىپ قالغان ئىدى، ھەتتا خېلى بۇرۇنلا كوپچىلىگى ئىنتېرناتسونالدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن، باۋشۇ بولغان ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىدىمۇ ئاستا - ئاستا شۇنداق ئىلگىرىلەش بولدىكى، ئۇلارنىڭ بۇلتۇر سۋانسىدا ئوتكۇزۇلگەن قۇرۇلتىيىنىڭ جۇشىسى ئۇلارنىڭ نامىدىن: «قۇرۇقلۇق سوتسىيالىزىمى ئەمدى بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولماي قالدى»[11] دەپ ئېيتالدى. ھەقىقەتەن، «خىتاپنامە» دىكى پرىنسىپلار دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت ئىشچىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالدى.

شۇنداق قىلىپ، «خىتاپنامە»نىڭ ئۆزىمۇ يېڭىۋاشتىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. 1850 - يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ نېمىسچە ئەسلى نۇسخىسى شۋېيتسارىيىدە، ئەنگلىيىدە ۋە ئامېرىكىدا بىرنەچچە قېتىم قايتا نەشر قىلىندى. 1872 - يىلى ئۇ نيۇ - يوركتا بىرەيلەن تەرىپىدىن ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، شۇ يەردە چىقىدىغان «ۋودخۇل ۋە كلافلىن ھەپتىلىك ژورنىلى»دا[12] ئېلان قىلىندى. ئارقىدىنلا يەنە بىرەيلەن تەرىپىدىن مۇشۇ ئېنگلىزچە نۇسخىسىغا ئاساسەن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نيۇ - يوركتا چىقىدىغان «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»دە بېسىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىدا يەنە، كەم دېگەندە، ئاز - تولا بۇرمىلىنىپ ئىشلەنگەن ئىككى خىل ئېنگلىزچە تەرجىمىسى بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ

بىرى تېخى ئەنگلىيەدە قايتا نەشر قىلىندى. باكۇنىن تەرجىمە قىلغان بىرىنچى رۇسچە تەرجىمىسى تەخمىنەن 1863 ـ يىلى جەنۋەدە گېرتسىنىنىڭ «قوڭغۇراق» باسمىخانىسىدا بېسىلدى؛ قەھرىمان ۋېرا زاسۇلىچ تەرجىمە قىلغان ئىككىنچى رۇسچە نۇسخىسى[13] بولسا 1882 ـ يىلى يەنە شۇ جەنۋەدە نەشر قىلىندى. دانىيىلىكچە يېڭى تەرجىمىسى[14] 1885 ـ يىلى كوپېنھاگېندا «سوتسىيال ـ دېموكراتىك كىتاپلار»نىڭ بىر خىلى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى، فرانسۇزچە يېڭى تەرجىمىسى 1886 ـ يىلى پارىژدا چىقىدىغان «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»دە بېسىلدى[15]. بىرەيلەن تەرىپىدىن مۇشۇ كېيىنكى نەشرىگە ئاساسەن ئىسپانچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1886 ـ يىلى مادرىدتا نەشر قىلىندى[16]. نېمىسچە قايتا بېسىلغان نۇسخىلىرىنىڭ سانى بولسا ناھايىتى كوپ، كەم دېگەندە، جەمى 12 نۇسخىسى بار. ئەرمەنچە تەرجىمىسى بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ئىستامبۇلدا بېسىلىپ چىقىشى لازىم ئىدى، لېكىن بېسىلىپ چىقمىدى، ئاڭلىشىمچە، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، نەشر قىلغۇچى كىتاپىنىڭ ئۈستىگە ماركسنىڭ ئىسمىنى يېزىشتىن قورققان، تەرجىمان بولسا «خىتاپنامە»نى ئۆزىنىڭ ئەسىرى قىلىپ نەشر قىلىشنى رەت قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان تەرجىمىسىنىڭ بارلىغىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنى ئوز كوزۇم بىلەن كورمىدىم. دېمەك، «خىتاپنامە»نىڭ تارىخى ھازىرقى زامان ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تارىخىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرمەكتە؛ ھازىر، شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەممە سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان ۋە تازا خەلقارا خاراكتىر ئالغان ئەسەر، سىبىرىيىدىن تارتىپ تا

كالىفورنىيىگىچە مىليونلىغان ئىشچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلىغان ئورتاق گاڭلىك بولۇپ قالدى.

ئەمما، بىز بۇ «خىتاپنامە»نى يازغان ۋاقىتتا، ئۇنى **سوتسىيالىستىك** خىتاپنامە دەپ ئاتىيالمايتتۇق. 1847 ـ يىلى، سوتسىيالىزىمچىلار دىگەندە، بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك خىيالىي تەلىماتلارغا ئېتىقات قىلىدىغانلار يەنى ئەنگلىيىدىكى ئوۋېنچىلار ۋە فرانسىيىدىكى فۇرىيېچىلار كوزدە تۇتۇلاتتى، بۇ ئىككى ئېقىم نوقۇل مەزھەپكە ئايلىنىپ كەتكەن ھەمدە پەيدىن ـ پەي ھالاكەتكە قاراپ ماڭغان ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئىجتىمائى تىۋىپلار كوزدە تۇتۇلاتتى، ئۇلار كاپىتال ۋە پايدىغا ھېچبىر زىيان يەتكۈزمەستىن، بارلىق ئىجتىمائى ئىللەتلەرنى تۈرلۈك ياماقچىلىق چارىسى بىلەن يوقىتىشقا ۋەدە بېرەتتى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر ئىشچىلار سىنىپى ھەركىتىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى ۋە «ئوقۇمۇشلۇق» سىنىپلاردىن مەدەت تىلەشكە ئىنتىلەتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدە نوقۇل سىياسى جەھەتتىكى ئوزگىرىشلەرنىڭ زادى كۈپايە قىلمايدىغانلىغىغا چىنىدىن ئىشىنىپ، پۈتۈن جەمىيەتنى تۈپتىن ئوزگەرتىش لازىم، دەپ قارايدىغان كىشىلەر بولسا ئوزلىرىنى كوممۇنىزىمچى دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق كوممۇنىزىم تېخى خېلى خام، سىلىقلانمىغان، يالغۇزلا تەبىي ئىقتىداردىن چىققان بىر خىل كوممۇنىزىم ئىدى؛ لېكىن ئۇ ئەڭ ئاساسىي نۇقتىغا يېتىپ بارغان ۋە ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا فرانسىيىدىكى كابىينىڭ، گېرمانىيىدىكى ۋېيتلىڭنىڭ خىيالىي كوممۇنىزىمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچەيگەن ئىدى. كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، 1847 ـ يىلى، سوتسىيالىزىم بۇرژۇئازىيە ھەركىتىدىن،

كوممۇنىزىم بولسا ئىشچىلار سىنىپى ھەركىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ چاغدا، سوتسىيالىزىم، ھېچ بولمىغاندا، قۇرۇقلۇقتا «سالاھىيەتكە ئىگە» ئىدى، كوممۇنىزىم بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بىز بولساق ئەزەلدىنلا «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقىنى چوقۇم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭلا ئىشى بولۇشى لازىم»[17] دەپ قاراپ كەلدۇق، شۇڭا بۇ ئىككى نامدىن زادى قايسىسىنى تاللىۋېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا قىلچە گۇمانلىنىپمۇ ئولتۇرمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ نامدىن ۋازكېچىشنى ئەسلا خىيالىمىزغا كەلتۈرمىدۇق.

گەرچە «خىتاپنامە» ئىككىمىزنىڭ ئورتاق ئەسىرى بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەمىشە، «خىتاپنامە»نىڭ خېشىنىنى تەشكىل قىلغان تۈپ قائىدە ماركسنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ ئوتۇش زورۇر، دەپ قاراپ كەلدىم. بۇ قائىدە مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ھەر بىر تارىخىي دەۋردىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ھەم ئۇلاردىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ بەرپا بولۇشىتىكى ئاساسى ھەمدە پەقەت بۇ ئاساسنى كوزدە تۇتقاندىلا، شۇ تارىخنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى (يەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتى بۇزۇلغاندىن بۇيان) سىنىپىي كۈرەش تارىخى يەنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى، ھوكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخى بولۇپ

كەلدى؛ بۇ سىنىپىي كۇرەش تارىخى بىر قاتار تەرەققىيات باسقۇچ-لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھازىر مۇنداق بىر باسقۇچقا يەتتى، يەنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپ (پۇرولېتارىيات) ئەگەر ئۆزى بىلەن بىللە پۇتكۇل جەمىيەتنى ھەر-قانداق ئېكسپىلاتاتسىيەدىن، زۇلۇمدىن، سىنىپىي بولۇنۇشلەردىن ۋە سىنىپىي كۇرەشتىن بىر يولىلا مەڭگۇ قۇتۇلدۇرمايدىغان بولسا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئەزگۈچى سىنىپ (بۇرژۇئازىيە)نىڭ تىزگىنلىشىدىن ئۆزىنى ئازات قىلالمايدۇ.

بۇ ئىدىيە، مېنىڭچە، دارۋىن تەلىماتى شېڭۋۇشۇېگە قانداق تۆھپە قوشقان بولسا، تارىخشۇناسلىققا شۇنداق تۆھپە قوشۇشى لازىم، بىز ئىككىمىز بۇ ئىدىيىگە 1845-يىلدىن بىرنەچچە يىل ئاۋاللا پەيدىن-پەي يېقىنلىشىپ كەلگەن ئىدۇق. شۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا بۇ جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرىلىگەنلىكىمنى «ئەنگلىيەدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى»① دېگەن كىتاۋىمدىن ئېنىق كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما 1845-يىلى باھاردا بىريۇسسېلدا ماركس بىلەن يەنە ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ مۇشۇ ئىدىيىنى رەتكە سېلىپ قويغان ئىكەن ھەمدە ئۇنى خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدىكىدەك ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن ماڭا بايان قىلىپ بەرگەن ئىدى.

ئەمدى مەن 1872-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىككىمىز بىرلىكتە يازغان سوز بېشىدىن توۋەندىكى سوزلەرنى نەقىل كەلتۇرىمەن:

---

① «The Condition of the Working Class in England in 1844». By Frederick Engels. Translated by Florence K. Wischnewetzky, New York. Lovell—London. W. Reeves, 1888. (ئېنگېلسنىڭ ئىزاھى)

«يېقىنقى 25 يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالدا قانچە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ "خىتاپنامە"دە ئالغا سۈرۈلگەن ئومۇمىي تۈپ قائىدىلەر، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھازىرمۇ تامامەن توغرا. ئايرىم جايلىرىغا بەزىبىر تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلسە بولاتتى. بۇ تۈپ قائىدىلەرنىڭ ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشى، خۇددى "خىتاپنامە"دە ئېيتىلغاندەك، ھەرقاچان، ھەر يەردە شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتقا باغلىق، شۇ سەۋەپتىن ئىككىنچى باپنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنقىلاۋىي تەدبىرلەرنىڭ ھېچبىر ئالاھىدە ئەھمىيىتى يوق. ھازىر شۇ جايىنى كوپ جەھەتتىن باشقىچە يېزىش كېرەك ئىدى. 1848 - يىلدىن بۇيان يىرىك سانائەتنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشچىلار سىنىپى تەشكىلاتلىرىنىڭمۇ ياخشىلانغانلىقى ۋە كوپەيگەنلىكى، ئاۋال فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى بولغانلىقى، كېيىن بولۇپمۇ پرولېتارىيات بىرىنچى قېتىم ھاكىمىيەتنى ئىككى ئاي داۋامىدا ئۆز قولىدا تۇتقان پارىژ گۇڭشېسىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ گاڭلىڭنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ھازىر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. بولۇپمۇ گۇڭشې ئىسپاتلىدىكى، "ئىشچىلار سىنىپى تەييار دولەت ماشىنىسىنى ئاددىي ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيدۇ." ("فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش. خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ خىتاپنامىسى"، لوندون، 1871-يىل، ترۇلوۋ نەشرىنىڭ 15 - بېتىگە قارالسۇن، ئۇ يەردە بۇ ئىدىيە تېخىمۇ تولۇق ئالغا سۈرۈلگەن.) ئاندىن قالسا، ناھايىتى روشەنكى، سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر ئۈستىدە قىلىنغان پىپەن بۈگۈن قارايدىغان

بولساق تولۇق بولمىغان، چۈنكى بۇ پىپەن پەقەت 1847 ـ يىلغىچە چىققانلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئوخشاشلا، ناھايىتى روشەنكى، كوممۇنىستلارنىڭ ھەر خىل قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى توغرىسىدا قويۇلغان پىكىرلەر (تۆتىنچى باپ) گەرچە ھازىرمۇ ئومۇمەن توغرا بولسىمۇ، لېكىن سىياسى ۋەزىيەت تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە شۇ چاغدا كورسىتىلگەن پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كوپچىلىگى تارىخنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەرىپىدىن تەلتوكۇس سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقتىن، بۇ پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەھەتتە ھەر ھالدا ۋاقتى ئوتۇپ كەتتى.

بىراق "خىتاپنامە" بىر تارىخىي ھوججەت، ئەمدى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ھەققىمىز يوق.»

بۇ نەشرىنىڭ تەرجىمىسىنى ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن كىتاۋىنىڭ كوپ قىسمىنى تەرجىمە قىلغان سامۇئېل مور ئەپەندى ئىشلىدى. مەن بۇ تەرجىمىسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىدىغان بەزى تارىخىي خاراكتىرلىق ئىزاھلارنى كىرگۈزدۇم.

**ف. ئېنگېلس**

1888 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، لوندون

# 1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە سۆز بېشى[18]

مەن يۇقۇرىدىكى سۆز بېشىنى[19] يازغاندىن بۇيان، «خىتاپنامە»نىڭ نېمىسچە يېڭى نەشرىنى چىقىرىش يەنە زۆرۈر بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «خىتاپنامە»نىڭ ئۆزىمۇ تۈرلۈك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈردى، ئۇنى بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك.

1882 ـ يىلى جەنۋەدە ۋېرا زاسۇلىچ تەرىپىدىن ئىشلەنگەن رۇسچە ئىككىنچى تەرجىمىسى نەشر قىلىندى، ماركس ئىككىمىز بۇ تەرجىمىسىگە بىر سۆز بېشى يازغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى، بۇ سۆز بېشىنىڭ نېمىسچە قولىيازمىسىنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن[20]، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ھازىر ئۇنى رۇسچىدىن قايتا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلدى، بۇنداق قىلىش ئەسلى قولىيازمىغا يېڭى تۈس كىرگۈزمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ سۆز بېشى توۋەندىكىچە:

«"گۈڭچەنداڭ خىتاپنامىسى"نىڭ باكۇنىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە بىرىنچى نەشرى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا "قوڭغۇراق" باسمىخانىسى تەرىپىدىن بېسىلىپ دۇنياغا كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا غەرپتە "خىتاپنامە"نىڭ رۇسچە تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشى پەقەت ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر ئاجايىپ ئىش دەپ قارالغان ئىدى. بۈگۈن بۇنداق قاراشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. "خىتاپنامە" ئەڭ دەسلەپ ئېلان

قىلىنغان ۋاقىتتا (1848 - يىل 1 - ئايدا)، پرولېتارىيات ھەرگىتى تارقالغان جايلار شۇنچە تار ئىدىكى، بۇنى "خىتاپنامە"نىڭ "كوممۇنىستلارنىڭ ھەر خىل قارشى پارتىيە - گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى" دىگەن ئاخىرقى بابىدىن ناھايىتى ئېنىق كورۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ باپتا دەل روسىيە بىلەن ئامېرىكا تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇ چاغدا، روسىيە ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر-نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر چوڭ زاپاس ئارمىيىسى ئىدى، ئامېرىكا تەۋەسىگە ئاھالىنىڭ كوچۇشى بىلەن ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ ئوشۇقچە كۈچلىرى قوبۇل قىلىنىۋاتاتتى. بۇ ئىككى مەملىكەت ياۋروپانى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپانىڭ سانائەت بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان بازار بولۇپ تۇراتتى. دىمەك، بۇ ئىككى مەملىكەت قانداقلا بولمىسۇن شۇ ۋاقىتتا ياۋروپادىكى ئىجتىمائى تەرتىپنىڭ تىرىگى ئىدى.

بۇگۇن ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى! دەل ياۋروپادىن ئاھالىنىڭ كوچۇشى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ-چىقىرىشىنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت بەردى، بۇنداق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى رىقابەت ياۋروپادىكى چوڭ - كىچىك يەر مۇلۇكچىلىگىنىڭ ھۇلىنى تەۋرەتمەكتە. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنداق ئاھالىنىڭ كوچۇشى يەنە ئامېرىكىغا ئۆزىنىڭ مول سانائەت مەنبەلىرىنى غايەت زور كۈچ بىلەن ۋە كەڭ كولەمدە ئېچىش ئىمكانىيىتىنى بەردى، بۇ ھال غەربىي ياۋروپانىڭ سانائەتتىكى لۇگدۇەنلىك ئورنىنى ناھايىتى تېز بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئىنقىلاۋىي تەسىر

كورسەتمەكتە. ئامپرىكىنىڭ پۈتكۈل سىياسى تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بولغان نۇڭچاك ئىگىلىرى (ئوز ئەمگىكىنى ئىشلىتىدىغان نۇڭچاك ئىگىلىرى)نىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى يەر مۈلكى چوڭ نۇڭ-چاڭلارنىڭ رىقابىتى تەرىپىدىن پەيدىن - پەي بويسۇندۇرۇلماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، سانائەت رايونلىرىدا سانى كوپ بولغان پۈرولىتارىيات بىلەن كاپىتالىنىڭ ھەيران قالغۇدەك توپلىنىشى بىرلىكتە يۈكسىلىشكە باشلىدى.

ئەمدى روسىيىگە قاراپ باقايلى! 1848 — 1849 - يىللاردىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە ياۋروپادىكى پادىشالارلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا بۇرژۇئازلىرىمۇ روسىيىنىڭ ئارىلىششىنى شۇ چاغدا ئوز كۈچىنى ئەمدىلا تونۇشقا باشلىغان پۈرولىتارىياتقا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بىردىن - بىر نىجات يولتۇز دەپ بىلەتتى. ئۇلار چار پادىشانى ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ باشلىغى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. ھازىر، چار پادىشا ئىنقىلاپىنىڭ ئەسرى بولۇپ، گاتچىنادا قاملىپ ياتماقتا، روسىيە بولسا ياۋروپادىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ ئىلغار قوشۇنى بولۇپ قالدى.

"كوممۇنىستىك خىتاپنامە"نىڭ ۋەزىپىسى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا مۈلۈكچىلىگىنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىغىنى جاكالاش ئىدى. لېكىن بىز روسىيىدە، تەلۋىلەرچە راۋاجلىنىۋاتقان كاپىتا-لىستىك تۈزۈم ۋە ئەمدىلا ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىغان بۇرژۇئا يەر مۈلۈكچىلىگىدىن باشقا، يەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ يەنىلا دىخانلار ئومۇم ئىگىدارلىغىدا ئىكەنلىگىنى كورىمىز.

خوش، ئۇنداق بولسا: روسىيىدىكى دىخانلار گۈڭشېسى — ھەقىقەتەن قاتتىق خاراپ قىلىنغان بۇ ئىپتىدائىي ئومۇم يەر مۈلۈك-

چىلىك شەكلى ئالى، كوممۇنىستىك يەر مۇلۇكچىلىگى شەكلىگە بىۋاستە ئۆتەلەمدۇ؟ ياكى ئۇ ئاۋال غەرپنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن پارچىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى كېرەكمۇ؟

ھازىر بۇ سوئالغا بېرىشكە بولىدىغان بىردىن-بىر جاۋاپ مۇنداق: مۇبادا روسىيە ئىنقىلاۋى غەرپتىكى ئىشچىلار ئىنقىلاۋى ئۇچۇن سىگنال بولۇپ، ئىككىسى بىر بىرىنى تولۇقلىسا، ئۇ ھالدا روسىيىنىڭ ھازىرقى ئومۇم مۇلۇكچىلىگى كوممۇنىزىم تەرەققىياتى-نىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ.

**ك. ماركس ف. ئېنگېلس**

1882-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۇنى، لوندون»

تەخمىنەن شۇ چاغلاردا جەنۋەدە پولەكچە يېڭى تەرجىمىسى: «Manifest Kommunistyczny» («كوممۇنىستىك خىتاپنامە») نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1885-يىلى كوپىنھاگېندا «سوتسيال-دېموكراتىك كىتاپلار»نىڭ بىر خىلى سۇپىتىدە دانىيىلىكچە يېڭى تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. ئەپسۇسكى، بۇ تەرجىمىسى ئانچە تولۇق بولمىغان؛ تەرجىمانغا تەس كەلگەنلىكتىن بولسا كېرەك، بىرقانچە موھىم جايى تاشلىۋېتىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدىن بۇ تەرجىمىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەنگەنلىگىنىڭ بەلگىسىنى كورگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، ئەگەر تەرجىمان سەللا كوڭۇل قويغان بولسا، ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىلالىغان بولاتتى، بۇ ھال تەرجىمىدىن كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ.

1886 ـ يىلى پارىژدا چىقىدىغان «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»دە فرانسۇزچە يېڭى تەرجىمىسى بېسىلىپ چىقتى؛ بۇ ــ ھازىرغىچە چىققان ئەڭ ياخشى تەرجىمىسى.

شۇ يىلى يەنە بىرەيلەن تەرىپىدىن ئەنە شۇ فرانسۇزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىسپانچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دەسلەپتە مادرىدتا چىقىدىغان «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»دە بېسىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە كىتاپچە بولۇپ چىقتى: «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»، ك. ماركس ۋە ف. ئېنگېلس، مادرىد، سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى ئىدارىسى، ھېرنان كورتېس كوچىسى 8 ـ نومۇر.

بۇ يەردە يەنە بىر قىزىق ئىشنى ئېيتىپ ئۆتەي. 1887 ـ يىلى ئىستامبۇلدىكى بىر نەشرىياتچى سودىگەر «خىتاپنامە»نىڭ ئەرمەنچە تەرجىمىسىنىڭ قولىيازمىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ؛ لېكىن بۇ ياخشى نىيەتلىك ئادەم ماركسنىڭ نامى يېزىلغان بۇ ئەسەرنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەڭ ياخشىسى ئاپتور ئورنىغا تەرجىمانىنىڭ نامى يېزىلسا، دەپ قاراپتۇ، لېكىن تەرجىمان مۇنداق قىلىشنى رەت قىلىپتۇ.

ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى ئەنگلىيىدە كوپ قېتىم بېسىلدى، لېكىن تەرجىمىسىنىڭ ھېچقايسىسى ئانچە توغرا بولمىغان. 1888 ـ يىلغا كەلگەندە ئاخىر بىر خىل ئىشەنچلىك تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. بۇ تەرجىمىسىنى مېنىڭ دوستۇم سامۇئېل مور ئىشلىگەن ئىدى ھەمدە ئۇنى بېسىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى ئىككىمىز بىرلىكتە قايتىدىن بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ چىققان ئىدۇق. ئۇنىڭ مۇقاۋىسى مۇنداق ئىدى: «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»، كارل ماركس ۋە فرىدرىخ ئېنگېلس. ئاپتور ماقۇل كورگەن

ئېنگىلىزچە تەرجىمىسى، فرىدرىخ ئېنگېلس سېلىشتۇرغان ۋە ئىزاھلار كىرگۈزگەن، 1888 ـ يىلى، لوندون، ۋىليام رىۋېس، شەرقىي مەركىزىي رايون فلېت كوچىسى 185 ـ نومۇر. مەن ئەشۇ نەشردىكى بەزى ئىزاھلارنى بۇ نەشرىگە كىرگۈزدۈم.

«خىتاپنامە»نىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى بار. ئۇ مەيدانغا كەلگەندە شۇ چاغدا ئادەم سانى ئاز بولغان ئىلمىي سوتسىيالىزم شيەنفېڭ. دۈيلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان ئىدى (بۇنى بىرىنچى سوز بېشىدا كورسىتىپ ئۆتۈلگەن تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىسپاتلاي. دۇ)، ئەمما ئۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەي، پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ 1848 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى مەغلۇبىيىتى ئارقىسىدا باش كوتىرىپ چىققان ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئارقىغا سىقىپ چىقىرىپ قويۇلدى، 1852 ـ يىل 11 ـ ئايدا كيۇلىندىكى كوممۇنىستلار جازاغا ھوكۈم قىلىنغاندىن[21] كېيىن بولسا، ئۇ يەنە «قانۇن بويىچە» قانۇن. سىز دەپ ئېلان قىلىندى. فېۋرال ئىنقىلاۋىغا باغلىنىشلىق بولغان ئىشچىلار ھەركىتى ئاشكارا سەھنىدىن چىقىشى بىلەن، «خىتاپنامە»مۇ ئارقىغا سۈرۈلۈپ قالدى.

ياۋروپا ئىشچىلار سىنىپى ھوكۈمران سىنىپلار ھاكىمىيىتىگە يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قوزغىيالىغۇدەك دەرىجىدە كۈچەيگەن ۋاقىتتا، خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى كۈرەش قىلىۋاتقان پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنى بىر زور قوشۇن قىلىپ بىرلەشتۈرۈش ئىدى. شۇڭا، ئۇ «خىتاپنامە»دە بايان قىلىنغان پرىنسىپلارنى ئاساس قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئەنگلىيەدىكى ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىنى، فرانسىيە، بېلگىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيەلەردىكى پرۇدونچىلارنى شۇنىڭدەك گېرمانىيە.

دىكى لاسسالچىلارنى[1] دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمايدىغان بىر گاڭگىلىكى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بىر گاڭگىلىقنى يەنى ئىنتېرناتسونال نىزامنامىسىنىڭ كىرىش قىسمىنى ماركس تەييارلاپ چىقتى، ئۇنىڭ ماھىرلىق بىلەن يېزىلغانلىقىنى ھەتتا باكۇنىن ۋە ھوكۇمەتسىزلەرمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. «خىتاپنامە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرىنسىپلارنىڭ ئاخىر غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا كەلسەك، ماركس بۇ يەردە ئۇمىدىنى بىرلىكتە ھەركەت قىلىش ۋە بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشتىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي باغلىغان ئىدى. كاپىتالغا قارشى كۆرەشتىكى تۈرلۈك ۋەقەلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر، — يەنە كېلىپ غەلىبىدىن كۆرە كۆپرەك مەغلۇبىيەتلەر، — كۆرەش قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئۆزلىرى ھەممە دەرتكە داۋا دەپ قەدىرلەپ كەلگەن دورىلارنىڭ ھېچنىمىگە يارىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەي قالمىدى ھەم ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئىشچىلارنىڭ ئازاتلىقىقا چىقىشى-نىڭ ھەقىقى شارائىتىنى تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن تولۇق چۈشىنىدىغان قىلىپ قويىدى. ماركس ھەقلىق ئىدى. 1874 - يىلى

---

[1] لاسسالنىڭ ئۆزى بىز بىلەن ئالاقە قىلغان ۋاقىتلاردا، دائىم ئۆزىنى، ماركسنىڭ «شاگىرتى»مەن، ماركسنىڭ «شاگىرتى» سۈپىتىدە، ئەلۋەتتە، «خىتاپنامە» مەيدانىدا تۇرىمەن، دەپ ھېساپلايتتى. ئەمما ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بولسا ئۇنداق قىلمىدى، ئۇلار ئۇ تەشەببۇس قىلغان دۆلەتنىڭ قەرز پۇل بېرىشىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى قۇرۇش تەلىۋىدىن ئەسلا نېرى ئۆتەلمىدى ھەمدە پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنى دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا بۆلۈۋەتتى. (ئېنگېلسنىڭ ئىزاھى)

ئىنتېرناتسونال تارقالغان ۋاقتتا، ئىشچىلار سىنىپى 1864 ـ يىلى ئىنتېرناتسونال قۇرۇلغان ۋاقتتىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. رومان تىلى مەملىكەتلىرىدىكى پرۇدونىزم بىلەن گېرمانىيىگە خاس لاسساللىزىمنىڭ جىنى تۈمشۈغىغا كېلىپ قالغان ئىدى، ھەتتا شۇ ۋاقىتلاردا ئىنتايىن باۋشۇ بولغان ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىدىمۇ ئاستا ـ ئاستا شۇنداق ئىلگىرىلەش بولدىكى، ئۇلارنىڭ 1887 ـ يىلى سۋانسىدا ئوتكۈزۈلگەن قۇرۇلتىيىنىڭ جۇشىسى ئۇلارنىڭ نامىدىن: «قۇرۇقلۇق سوتسىيالىزىمى ئەمدى بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولماي قالدى» دەپ ئېيتالىدى. 1887 ـ يىلى قۇرۇقلۇق سوتسىيالىزىمى بولسا تامامەن دىگۈدەك «خىتاپنامە»دە ئېلان قىلىنغان نەزىرىيىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن كورۈشكە بولىدۇكى، «خىتاپنامە»نىڭ تارىخى 1848 ـ يىلدىن بۇيانقى ھازىرقى زامان ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تارىخىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرمەكتە. ھازىر، شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەممە سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان ۋە تازا خەلقارا خاراكتېر ئالغان ئەسەر، سىبىرىيىدىن تارتىپ تا كالىفورنىيىگىچە دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ مىليونلىغان ئىشچىلىرىنىڭ ئورتاق گائىلگى بولۇپ قالدى.

ئەمما، «خىتاپنامە» نەشر قىلىنغان ۋاقتتا بىز ئۇنى **سوتسىيالىستىك** خىتاپنامە دەپ ئاتىيالمايتتۇق. 1847 ـ يىلى سوتسىيالىزىمچىلار دىگەندە ئىككى خىل كىشىلەر كوزدە تۇتۇلاتتى. بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك خىيالىي تەلىماتلارغا ئېتىقات قىلىدىغانلار بولۇپمۇ ئەنگلىيىدىكى ئوۋېنچىلار ۋە فرانسىيىدىكى فۇرىيېچىلار كوزدە تۇتۇلاتتى؛ بۇ ئىككى ئېقىم شۇ ۋاقتلاردا پەيدىن ـ پەي ھالاكەتكە

قاراپ ماڭغان نوقۇل مەزھەپلەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئىجتىمائى تىۋىپلار كوزدە تۇتۇلاتتى، ئۇلار كاپىتال ۋە پايدىغا ھېچبىر زىيان يەتكۈزمەستىن، ئىجتىمائى ئىللەتلەرنى ھەممە دەرتكە داۋا بولىدىغان تۈرلۈك دورىلار ۋە تۈرلۈك ياماقچىلىق چارىسى بىلەن يوقىتىشنىڭ كويىدا بولاتتى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى ۋە «ئوقۇمۇشلۇق» سىنىپلاردىن مەدەت تىلەشكە ئىنتىلەتتى. ئۇ ۋاقىتتا، نوقۇل سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ زادى كۆپايە قىلمايدىغانلىقىغا چىندىن ئىشىنىپ، جەمىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان بىر قىسىم ئىشچىلار بولسا ئۆزلىرىنى **كوممۇنىزىمچى** دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق كوممۇنىزىم تېخى ياخشى جىاگۈك قىلىنمىغان، پەقەتلا تەبىى ئىقتىداردىن چىققان، خېلى خام بولغان بىر خىل كوممۇنىزىم ئىدى؛ لېكىن ئۇ ئىككى خىل خىيالي كوممۇنىزىم تىشىسنى يەنى فرانسىيىدىكى كابېنىڭ «ئىكارىيە» كوممۇنىزىمىنى ۋە گېرمانىيىدىكى ۋېيتلىڭنىڭ كوممۇنىزىمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچەيگەن ئىدى. 1847 - يىلى سوتسىيالىزىم بۇرژۇئازىيە ھەركىتىدىن، كوممۇنىزىم بولسا ئىشچىلار ھەركىتىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ چاغدا، سوتسىيالىزىم، ھېچ بولمىغاندا، قۇرۇقلۇقتا سالونلارغا كىرىپ-چىقىپ يۈرەلەيتتى، كوممۇنىزىم بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، ئىنتايىن قەتئى ھالدا «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقىغا چىقىشى پەقەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭلا ئىشى بولۇشى لازىم» دەپ قارىغان ئىدۇق، شۇڭا بۇ ئىككى نامدىن زادى قايسىسىنى تاللىۋېلىش كېرەكلىگى توغرىسىدا قىلچە گۇمانلىنىپمۇ ئولتۇرمىدۇق. ئۇنىڭ

ئۇستىگە كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ نامدىن ۋازكېچىشنى ئەسلا خىيالىمىزغا كەلتۇرمىدۇق.

«پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!» — بۇنىڭدىن 42 يىل بۇرۇن بىز پارىژ ئىنقىلاۋىنىڭ يەنى پۈرولېتارىيات ئۆز تەلەپلىرى بىلەن قاتناشقان تۇنجى ئىنقىلاپنىڭ ھارپىسىدا دۇنياغا بۇ چاقىرىقنى چىقارغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇچىلار بەك ئاز ئىدى. ئەمما، 1864 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى غەربىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ زور كوپچىلىگىدىكى پۈرولېتارلار مەڭگۈ ئۇچمەس خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىگە بىرلەشتى. دەرۋەقە، ئىنتېرناتسونال-نىڭ ئۆزى 9 يىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، لېكىن ئۇ ياراتقان پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرىنىڭ ئەبەدى بىرلىشىشى ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ھەمدە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، بۈگۈنكى كۈن ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى. چۈنكى بۈگۈن مەن مۇشۇ سوز بېشىنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا پۈرولېتارىياتى ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى كورەك قىلماقتا، ئۇلار بىر يېقىنقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يەنى ئىنتېرناتسونالنىڭ 1866 - يىلدىكى جەنۋە قۇرۇلتىيى ئېلان قىلغان ۋە كېيىن يەنە 1889 - يىلدىكى پارىژ ئىشچىلار قۇرۇلتىيى قايتا ئېلان قىلغان 8 سائەتلىك نورمال ئىش كۈنىنى قانۇندا بېكىتىش[22] ئۈچۈن، بىرىنچى قېتىم بىر بايراق ئاستىدا سەپەرۋەرلىككە كېلىپ بىر قوشۇن بولدى. بۈگۈنكى ئەھۋال چوقۇم پۈتۈن دۇنيادىكى كاپىتالىستلار ۋە پومىشچىكلارغا شۇنى بىلدۇرۇپ قويىدۇ: پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرى ئەمدى ھەقىقى بىرلەشتى.

ماركس بۇگۈن مەن بىلەن بىللە بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

**ف. ئېنگېلس**

1890 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، لوندون

# 1892 ـ يىلدىكى پولەكچە نەشرىگە سۆز بېشى[23]

ھازىر «كوممۇنىستىك خىتاپنامە»نىڭ پولەكچە يېڭى نەشرىنى چىقىرىش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارنى قوزغىشى مۇمكىن.

ئالدى بىلەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «خىتاپنامە» يېقىندىن بۇيان مەلۇم دەرىجىدە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى يىرىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئۆلچەم بولۇپ قالدى. مەلۇم بىر مەملىكەتتە يىرىك سانائەت قانچە راۋاجلانسا، شۇ مەملىكەت ئىشچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى بولۇش سۈپىتىدە مۈلۈكدارلار سىنىپى ئالدىدا تۇرغان ئورنىنى ئېنىقلىۋېلىش ئارزۇسىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ، ئىشچىلار ئارىسىدىكى سوتسىيالىستىك ھەرىكەتلەرمۇ شۇنچە كېڭىيىدۇ، «خىتاپنامە»گە بولغان ئېھتىياجمۇ شۇنچە ئاشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «خىتاپنامە»نىڭ مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ يېزىقىدا تارقالغان سانىغا قاراپ، شۇ مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىلا خېلى توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ مەملىكەتتىكى يىرىك سانائەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئۈستىدىمۇ خېلى توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، «خىتاپنامە»نىڭ پولەكچە يېڭى نەشرىنىڭ چىقىشى پولشا

سانائىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققى قىلىۋاتقانلىقىنى كورسىتىدۇ. هالبۇكى، ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا ئاۋالقى نەشرى چىققاندىن بۇيان، ھەقىقەتەن شۇنداق ئىلگىرىلەش بولدى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. روسىيە پولشىسى، يەنى جوزىسى ئۇستىدىكى پولشا[24] روسىيە دىگوسىنىڭ غايەت زور سانائەت رايونى بولۇپ قالدى. روسىيىنىڭ يىرىك سانائىتى ھەر جاي-ھەر جايغا تارقالغان، ئۇنىڭ بىر قىسمى فىنلاندىيە قولتۇغى بويىغا، بىر قىسمى مەركىزىي رايونغا (موسكۋا ۋە ۋلادىمىرغا)، بىر قىسمى قارا دېڭىز ۋە ئازوپ دېڭىزى بويىغا، يەنە بەزىلىرى باشقا جايلارغا تارقالغان؛ پولشىنىڭ سانائىتى بولسا تارراق بىر رايونغا مەركەزلەشكەن، ئۇ مۇنداق مەركەزلىشىشتىن كېلىپ چىققان پايدىلىق تەرەپىنمۇ، زىيانلىق تەرەپىنمۇ كورۈۋاتىدۇ. بۇنداق پايدىلىق تەرەپنى رىقابەتلەشكۈچى رۇس زاۋۇت ئىگىلىرى ئېتىراپ قىلدى، چۈنكى ئۇلار گەرچە پولەكلەرنى رۇسلاشتۇرۇشقا كۈچەپ ئىنتىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پولشىنى چەكلەيدىغان قوغدىنىش چېگرا بېجىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق زىيانلىق تەرەپ يەنى پولشا زاۋۇت ئىگىلىرىمۇ، روسىيە ھوكۇمىتىمۇ كورۈۋاتقان زىيانلىق تەرەپ بولسا سوتسىيالىستىك ئىدىيىنىڭ پولشا ئىشچىلىرى ئارىسىدا تېز تارقىلىۋاتقانلىقى ۋە «خىتاپنامە»گە بولغان ئېھتىياج-نىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقى بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە.

لېكىن، پولشا سانائىتىنىڭ تېز تەرەققى قىلىۋاتقانلىقى (پولشا سانائىتى روسىيە سانائىتىدىن ئۆتۈپ كەتتى) شۇنداقلا پولشا خەلقىنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ يېڭى دەلىلى، پولشا خەلقىنىڭ مىللى گۈللىنىشكە ئېرىشىش ئالدىدا

تۇرغانلىغىنىڭ يېڭى كاپالىتى. مۇستەقىل قۇدرەتلىك پولشىنىڭ گۇللىنىشى يالغۇز پولەكلەرگىلا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ قالماي، بەلكى ھەممىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ سەمىمى خەلقارا ھەمكارلىغى پەقەت ھەر بىر مىللەت ئوزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تامامەن ئوزىگە ئوزى خوجا بولغان ۋاقىتتىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ پۇرولېتارىيات بايرىغى ئاستىدا پۇرولېتارىيات جەڭچىلىرىگە ئاخىرقى ھېساپتا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشىنىلا ئىشلەتكۇزدى، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ بولسا، ھەر ھالدا، ئوزىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىغۇچىلىرى لۇئى بوناپارت بىلەن بىسمارك ئارقىلىق ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە ۋېنگرىيىنىڭ مۇستەقىللىغىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. پولشىغا كەلسەك، گەرچە ئۇنىڭ 1792 ـ يىلدىن بۇيان ئىنقىلاپقا قوشقان توھپىسى بۇ 3 دولەتنىڭ قوشقان ئومۇمى توھپىسىدىن زور بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 1863 ـ يىلى ئوزىنىڭكىدەك 10 ھەسسە كېلىدىغان روسىيىنىڭ ئۇستۇنلۇگىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ھالىدىن كەتكەن ۋاقىتتا تاشلاپ قويۇلدى. پولشا ئاقسوڭەكلىرى ھەم پولشىنىڭ مۇستەقىللىغىنى ساقلاپ قالالمىدى، ھەم ئۇنىڭ مۇستەقىللىغىنى يېڭىۋاشتىن قولغا كەلتۇرەلمىدى؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ قارىشىچە، پولشىنىڭ مۇستەقىللىغى بۇگۇنمۇ، ھېچ بولمىغاندا، كارى چاغلىق ئىش. لېكىن بۇنداق مۇستەقىللىق ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىناق ھەمكارلىغىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن زورۇر. بۇنداق مۇستەقىللىقنى پەقەت ياش پولشا پۇرولېتارىياتىلا قولغا كەلتۇرەلەيدۇ، ھالبۇكى، پولشا پۇرولېتارىياتى ئۇنى قولغا كىرگۇزگەن چاغدىلا، ئۇ كاپالەتكە تولۇق ئىگە بولىدۇ. چۇنكى پولشىنىڭ مۇستەقىللىغى پولشا ئىشچىلىرىغا

قانـداق كېرەك بولـسا، ياۋروپادىـكى باشقا ھەرقايسى مەملىـكەت ئىشچىـلىرىغىمۇ شۇنداق كېرەك.

**ف. ئېنگېلس**

1892 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، لوندون

# 1893 ـ يىلدىكى ئىتالىيانـچە نەشرىگە سۆز بېشى[25]

ئىتالىيان كىتابخانلارغا

«كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى دەل 1848 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگە توغرا كەلـدى دېيىش مۇمكىن، شۇ كۈنى مىلان بىلەن بېرلىندا ئىنقىلاپ بولدى، يەنى ئىككى مىلـلەت ــ بىرى ياۋروپا قۇرۇقلۇغىنىڭ مەركىزىدە، يەنە بىرى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ مەركىزىدە ياشايدۇ ــ كۆتەرگەن قورallىق قوزغىلاڭلار بولدى؛ بۇ ئىككى مىللەت شۇ ۋاقىتـقىچە گېجۇي قىلىنىش ۋە ئىچكى جاڭجاللارنىڭ بولۇشى ئارقىسىدا ئاجىزلاپ كەتكەن ھەم شۇ سەۋەپتىن چەت مىلـلەتـنىڭ ھۆكۈمرانـلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالـغان ئىدى. ئىتالىيە ئاۋستىرىيە پادىشاسىنىڭ ئىلـكىگە چۈشۈپ قالـغان ئىدى، گېرمانىـيە بولسا روسىيە چار پادىشاسىنىڭ ئانـچە بىۋاستە بولمىسىمۇ، لېكىن ھېس قىلغىلى بولغۇدەك زۇلمى ئاستىدا قالـغان ئىدى. 1848 ـ يىل 3 ـ ئايـنىڭ 18 ـ كۈنىنىڭ نەتـىجىسى ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيىنى بۇ خورلۇقتىن قۇتۇلدۇردى؛ ئەگەر، بۇ ئىككى ئۇلۇق مىلـلەت 1848 ـ يىلـدىن 1871 ـ يىلـغىـچە بولغان مەزگىلدە گۈلـلەنگەن ۋە بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىلدە يېڭىۋاشـتىن مۇستەقىللىقـقا ئېرىشكەن، دېيىلىدىغان بولـسا، ئۇ ھالـدا،

ئۇنڭغا، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنى باستۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، شۇ ئىنقىلاپنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىغۇچىلىرى بولغانلىقى سەۋەپ بولدى[26].

بۇ ئىنقىلاپنى ھەممە يەردە ئىشچىلار سىنىپى قىلدى: كوچا قورغانلىرى قۇرغان ۋە قان ئاققۇزۇپ قۇربان بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشچىلار سىنىپى ئىدى. يالغۇز پارىژ ئىشچىلىرىلا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەن بىللە بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئېنىق نىيەت قىلدى. لېكىن، ئۇلار ئۆز سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر دۈيكاك بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، فرانسىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ياكى فرانسىيە ئىشچىلىرى ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىمۇ جەمىيەتنى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغۇدەك دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىلاپنىڭ مېۋىلىرىنى ئاخىرقى ھېساپتا كاپىتالىستلار سىنىپى ئىلىۋالدى. باشقا مەملىكەتلەردە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىلەردە ئىشچىلار باشتىن تارتىپلا بۇرژۇئازىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىغا ياردەملىشىش بىلەنلا چەكلەندى. لېكىن ھەرقانداق بىر مەملىكەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئايرىلسا ئاقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپمۇ شۇ كەمگىچە بىرلىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولمىغان مىللەتلەرنى — ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە ۋېنگرىيىنى — بىرلىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرمەي قالمىدى. ئەمدى نۆۋەت پولشىغا كەلدى.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ گەرچە

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى، بۇ ئىنقىلاپقا ئاساس ھازىرلاپ بەردى. يېقىنقى 45 يىل مابەينىدە، بۇرژۇئا تۈزۈمى دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردە يىرىك سانائەتنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىلا يەردە ئادەم سانى نۇرغۇن، مەركەزلەشكەن، قۇدرەتلىك پۈرولېتارىياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى؛ شۇنداق قىلىپ ئۇ ــ خۇددى «خىتاپنامە»دە ئېيتىلغاندەك ــ ئۆزىنىڭ گوركارىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي تۇرۇپ، پۈرولېتارىياتنىڭ خەلقارا بىرلىشىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئورتاق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلۇشى لازىم بولغان ئىناق ۋە ئاگاھلىق ھەمكارلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئويلاپ كورەيلى، 1848-يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىياسى شارائىتتا ئىتاليان ئىشچىلىرىنىڭ، ۋېنگىر ئىشچىلىرىنىڭ، نېمىس ئىشچىلىرىنىڭ، پولەك ئىشچىلىرىنىڭ، رۇس ئىشچىلىرىنىڭ قانداقتۇ ئورتاق خەلقارا ھەركەتلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمىدى!

دېمەك، 1848-يىلدىكى جەڭ بىكارغا كەتمىدى. بۇ ئىنقىلاپ دەۋرىدىن بۈگۈنگىچە ئۆتكەن 45 يىلمۇ بىكار ئۆتۈپ كەتمىدى. بۇ ئىنقىلاپ دەۋرىنىڭ مېۋىلىرى پىشىپ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇيۇم شۇكى، «خىتاپنامە»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى خەلقارا ئىنقىلاپنىڭ خەۋەرچىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ مۇشۇ ئىتاليانچە تەرجىمىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىتاليە پۈرولېتارىياتى غەلبىسىنىڭ ياخشى خەۋەرچىسى بولۇپ قالسۇن.

«خىتاپنامە» كاپىتالىزمنىڭ ئىلگىرى ئوينىغان ئىنقىلاۋىي رولىنى ئىنتايىن ئادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلغان. ئىتالىيە تۇنجى كاپىتالىستىك مىللەت. فېئودالىلىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ھازىرقى زامان كاپىتالىزىم دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بۈيۈك بىر زاتنى بەلگە قىلىدۇ. بۇ زات — ئىتالىيان دانتې، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زاماننىڭ ئەڭ دەسلەپكى شائىرى ئىدى. ھازىرمۇ، 1300 – يىلدىكىگە ئوخشاش، يېڭى تارىخىي ئىرا يېتىپ كەلمەكتە. ئىتالىيە بىزگە مۇشۇ پرولېتارىيات يېڭى ئىراسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بىر يېڭى دانتې بىلەن جاكالاپ بېرەرمىكىن؟

**ف. ئېنگېلس**

1893 – يىل 2 – ئاينىڭ 1 – كۈنى، لوندون

# گۈگچەندالڭ خىتاپنامىسى

بىر ۋەھىمە، كوممۇنىزىم ۋەھىمىسى ياۋروپادا ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. كونا ياۋروپانىڭ ھەممە كۈچلىرى — جياۋخۇاڭ ۋە چار پادىشا، مېتېرنىخ ۋە گىزو، فرانسىيە رادىكالللىرى ۋە گېرمانىيە ساقچىلىرى بۇ ۋەھىمىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن مۇقەددەس ئىتتىپاق تۈزۈشتى.

قايسىبىر قارشى پارتىيە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن گۈگچەندالڭ دەپ ھاقارەتلەنمىدى؟ ئۆز نۆۋىتىدە قايسىبىر قارشى پارتىيە تېخىمۇ تەرەققىپەرۋەرراك قارشى پارتىيىدىكىلەرگە ۋە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى دۈشمەنلىرىگە كوممۇنىزىم دېگەن بەتنامىنى چاپلىمىدى؟

بۇ پاكىتتىن ئىككى خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ:

كوممۇنىزىم ياۋروپادىكى ھەممە كۈچلەر تەرىپىدىن بىر خىل كۈچ دەپ تونۇلدى؛

ھازىر كوممۇنىستلارنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىدىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىستىگىنى ئاشكارا بايان قىلىش ھەمدە پارتىيىنىڭ ئۆز خىتاپنامىسىنى كوممۇنىزىم ۋەھىمىسى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە قارشى قويۇش پەيتى كەلدى.

شۇ مەقسەتتە، ھەرقايسى مەملىكەت كوممۇنىستلىرى لوندونغا يىغىلىپ، تۆۋەندىكى خىتاپنامىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىنگلىز،

فرانسۇز، نېمىس، ئىتالىيان، فلاماند ۋە دانىيىلىكلەر تىللىرىدا دۇنياغا ئېلان قىلدى.

## 1. بۇرژۇئازلار ۋە پۇرولېتارلار[1]

ھازىرغىچە ئۆتكەن ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى[2] — سىنىپىي كۈرەش تارىخى.

ھۆر بىلەن قۇل، ئاقسۆڭەك بىلەن ئاددى خەلق، لىڭجۇ بىلەن نۇڭنۇ، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇستا[3] بىلەن نىمكار، قىسقىسى، ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ھەر دائىم بىر بىرىگە

---

① بۇرژۇئازىيە — بۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ياللانما ئەمگەكتىن پايدىلىنىدىغان ھازىرقى زامان كاپىتالىستلار سىنىپىنى كۆرسىتىدۇ. پۇرولېتارىيات — بۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولمىغان، شۇ سەۋەپتىن ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ھازىرقى زامان ياللانما ئىشچىلار سىنىپىنى كۆرسىتىدۇ. (ئېنگېلسنىڭ 1888 - يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاھى)

② ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يازما خاتىرىلەر بار تارىخنى كۆرسىتىدۇ. 1847 - يىلى جەمئىيەتنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ھالىتىنى، پۈتكۈل يازما تارىختىن ئىلگىرىكى جەمئىيەت تۈزۈلۈشىنى بىلىدىغانلار تېخى پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك ئىدى. كېيىن، خاكستخاۋزېن روسىيىدە ئومۇم يەر مۈلۈكچىلىكى بارلىقىنى تاپتى، ماۋرېر بولسا بۇنداق مۈلۈكچىلىكنىڭ پۈتۈن تېۋتون تائىپىسى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بەلكى كىشىلەر يەر ئومۇمىنىڭ بولغان يېزا جامائەسىنىڭ ھىندىستاندىن تارتىپ ئىرلاندىيىگىچە بولغان ھەرقايسى جايدا جەمئىيەتنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا بىلدى. ئاخىردا،

قارىمۇ ـ قارشى ئورۇندا تۇرۇپ، ئۇزلۇكسىز، گايى يوشۇرۇن، گايى ئاشكارا كۇرەش قىلىپ كەلدى، هالبۇكى، هەر قېتىمقى كۇرەشنىڭ نەتىجىسى پۇتۇن جەمىيەتنىڭ ئىنقىلاۋى يوسۇندا ئۆزگەرتىلىشىدىن ياكى كۇرەشكۇچى سىنىپلارنىڭ تەڭلا يوقىلىشىدىن ئىبارەت بولدى.

ئوتمۇشتىكى هەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە، بىز هەممە يەردە دىگۇدەك جەمىيەتنىڭ تامامەن تۇرلۇك تەبىقىلەرگە بولۇنگەنلىگىنى كورىمىز، تۇرلۇك ئىجتىمائى ئورۇندىن هاسىل بولغان كوپ باسقۇچلۇق پەلەمپەينى كورىمىز. قەدىمقى رىمدا ئاقسوڭەكلەر، ئاتلىقلار، ئاددى خەلقلەر ۋە قۇللار بار ئىدى، ئوتتۇرا ئەسىردە بولسا فېودال لىڭجۇلار، پېيچېنلار، كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى

---

مورگان ئۇرۇقداشلىقنىڭ هەقىقى ماهىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى كەشپ قىلدى، بۇ مەشهۇر كەشپىيات بۇنداق ئىپتىدائى كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ ئىچكى تۇزۇلۇشىنىڭ تىپىك شەكلىنى ئىچىپ بەردى. بۇنداق ئىپتىدائى گوڭشېنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بىللە جەمىيەت ئالاهىدە ۋە ئاخىر بىر بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى سىنىپلارغا بولۇنۇشكە باشلىدى. مەن بۇ بۇزۇلۇش جەريانىنى «ئائىلە، خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» (1886 ـ يىلى شتۇتگارت 2 ـ نەشرى)دا مۇهاكىمە قىلىپ باققان ئىدىم. (ئېنگېلسنىڭ 1888 ـ يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاهى. 1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە مۇشۇ ئىزاهنىڭ ئاخىرقى بىر جۇملىسى ئېلىپ تاشلانغان.)

③ كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇستا كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىغى ئەمەس، بەلكى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تولۇق هوقۇقلۇق ئەزاسى، كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى ئىچىدىكى ئۇستا. (ئېنگېلسنىڭ 1888 ـ يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاهى)

ئۇستىلار، ئىمكارلار ۋە ئوگنۇلار بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر بىر سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا دىگۇدەك يەنە تۇرلۇك ئالاھىدە قاتلاملار بار ئىدى.

فېوداللىق جەمىيەتنىڭ ھالاكىتىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقنى يوقاتـ مىدى. ئۇ پەقەت يېڭى سىنىپلارنى، يېڭى زۇلۇم شارائىتلىرىنى، يېڭى كۇرەش شەكىللىرىنى كونىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

لېكىن، بىزنىڭ دەۋرىمىز، بۇرژۇئازىيە دەۋرى مۇنداق بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ئۇ سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقنى ئاددىيلاشـ تۇردى. پۇتۇن جەمىيەت كۇندىن - كۇنگە بىر بىرىگە دۇشمەن ئىككى چوڭ لاگىرغا، بىر بىرىگە بىۋاستە قارىمۇ - قارشى ئىككى چوڭ سىنىپقا: بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىياتقا بولۇنۇپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىر ئوگنۇلىرىدىن دەسلەپكى شەھەرلەرنىڭ شەھەر ئاھالىسى كېلىپ چىقتى؛ بۇ شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىدىن دەسلەپكى بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار ئوسۇپ چىقتى.

ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئافرىقىنى ئايلىنىپ ئوتىدىغان دېڭىز قاتنىشى يېڭى گۇللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ئۇچۇن يېڭى پائالىيەت مەيدانى ئېچىپ بەردى. شەرقىي ھىندىستان ۋە جۇڭگو بازارلىرى، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مۇستەملىكىلەشتۇرۇلۇشى، مۇستەملىكىلەر بىلەن قىلىنىدىغان سودا، ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرى ۋە ئومۇمى شاڭپىنلارنىڭ كوپىيىشى سودىنى، دېڭىز قاتنىشىنى ۋە سانائەتنى مىسلى كورۇلمىگەن دەرىجىدە يۇكسەلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن يىمىرىلىپ بېرىۋاتقان فېوداللىق جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنقىلاۋىي ئامىللارنى چاپسان راۋاجلاندۇردى.

سانائەتنى بۇرۇنقىدەك فېوداللىق ياكى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى يېڭى بازارلارنىڭ مەيدانىغا كېلىشى بىلەن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئىشخانا قول سانائىتى ئىگىلىدى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇستىلار سانائەتچىكى ئوتتۇرا تەبىقە تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى؛ ھەر خىل كەسپىي بىرلەشمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتى ھەر بىر ئىش دۇكىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا يوقالدى.

لېكىن، بازارلار كېڭىيىۋەردى، ئېھتىياج ئېشىۋەردى. ھەتتا ئىشخانا قول سانائىتىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پار ۋە ماشىنا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىنقىلاپ قوزغىدى. ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ ئورنىنى ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتى ئىگىلىدى؛ سانائەتچىكى ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ ئورنىنى سانائەتچىكى مىلىيونېرلار، تۇركۇم-تۇركۇم سانائەت ئارمىيىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى، ھازىرقى زامان بۇرژۇئازلىرى ئىگىلىدى.

يىرىك سانائەت ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تېپىلىشى ئارقىسىدا تەييارلانغان دۇنيا بازىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. دۇنيا بازىرى سودا، دېڭىز قاتنىشى ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى غايەت زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلدى. بۇنداق تەرەققىيات ئۆز نۆۋىتىدە سانائەتنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سانائەت، سودا، دېڭىز قاتنىشى ۋە تۆمۈريوللار راۋاجلانغانسېرى بۇرژۇئازىيىمۇ تەرەققى قىلىۋەردى، ئۆز كاپىتالىنى ئاشۇرۇۋەردى،

ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان ھەممە سىنىپلارنى ئارقىغا سىقىپ چىقىرىۋەردى.

بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇكى، ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئوزى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەھسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىكى بىر قاتار ئوزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى.

بۇرژۇئازىيە بۇنداق تەرەققىياتنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا مۇناسىپ سىياسى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە[1] ئېرىشىپ تۇردى. ئۇ فېودال لىڭجۇلار ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغاندا ئېزىلگەن تەبىقە، گوڭشېدا[2] قوراللانغان ۋە ئوزىنى ئوزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلات ئىدى،

---

[1] «مۇناسىپ سىياسى مۇۋەپپەقىيەتلەر» دىگەن سوزلەر 1888 - يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە «بۇ سىنىپنىڭ مۇناسىپ سىياسى مۇۋەپپەقىيەتلىرى» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

[2] فرانسىيەدىكى يېڭى گۈللەنگەن شەھەرلەر ھەتتا ئۇلار فېودال لىڭجۇلارنىڭ قولىدىن يەرلىك ئاپتونومىيە ۋە «ئۈچىنچى تەبىقە»نىڭ سىياسى ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالغانغا قەدەر «گوڭشې» دەپ ئاتىلاتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تىپىك مەملىكەت قىلىپ ئېلىنغان، فرانسىيە بولسا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى تەرەققىياتى ئۈچۈن تىپىك مەملىكەت قىلىپ ئېلىنغان. (ئېنگېلسنىڭ 1888 - يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاھى)

ئىتالىيە ۋە فرانسىيىنىڭ شەھەر ئاھالىسى ئوزلىرىنىڭ فېودال لىڭجۇلىرىدىن دەسلەپكى ئاپتونوم ھوقۇقلىرىنى سېتىۋالغان ياكى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئوزلىرىنىڭ شەھەر ئومۇمى بىرلىگىنى «گوڭشې» دەپ ئاتىغان ئىدى. (ئېنگېلسنىڭ 1890 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى)

بەزى جايلاردا مۇستەقىل شەھەر جۇمھۇرىيىتى[1]، بەزى جايلاردا بولسا پادىشالىققا باج تولىگۇچى ئۈچىنچى تەبىقە بولغان ئىدى[2]؛ كېيىن، ئىشخانا قول سانائىتى مەزگىلىدە ئۇ تەبىقە تۈزۈمىدىكى پادىشالىقتا ياكى مۇستەبىت پادىشالىقتا ئاقسۆڭەكلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ بولۇپ قالغان ھەتتا چوڭ پادىشالىقلارنىڭ ئاساسى ھۇلى بولۇپ قالغان ئىدى؛ ئاخىردا، يىرىك سانائەت ۋە دۇنيا بازىرى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇ ھازىرقى زامان ۋاكالەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە يىگانە سىياسى ھوكۇمرانلىققا ئىگە بولۇۋالدى. ھازىرقى زامان دۆلەت ھاكىمىيىتى پۈتۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئومۇمى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بىر ۋەيىۋەنخۇيدىنلا ئىبارەت، خالاس.

بۇرژۇئازىيە تارىختا ئىنتايىن ئىنقىلاۋىي رول ئوينىغان ئىدى.

بۇرژۇئازىيە ئۆزى ھوكۇمرانلىقنى قولغا ئالغان جايلاردا بارلىق فېوداللىق، زۇڭفالىق ۋە ئاسايىشتە مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ كىشىلەرنى تەبىي باشلىقلارغا باغلاپ تۇرىدىغان خىلمۇ-خىل فېودالىق يىپلارنى ئايىماستىن ئۈزۈپ تاشلىدى، ئۇ ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا قىپ-يالىڭاچ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىدىن، شەپقەتسىز «نەق پۇل مۇئامىلىسى»دىن باشقا ھېچقانداق ئالاقىنى قالدۇرمىدى. ئۇ دىنىي تەقۋالىق، ئاتلىقلارچە قىزغىنلىق، مىشچان-

[1] 1888-يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە بۇ يەرگە «(مەسىلەن، ئىتالىيە ۋە گېرمانىيىدە)» دىگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

[2] 1888-يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە بۇ يەرگە «(مەسىلەن، فرانسىيىدە)» دىگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

لارچە مەيۇسلۇك — مانا مۇشۇ ھېسسى تۇيغۇلارنىڭ مۇقەددەس ھاياجانغا كېلىشىنى شەخسى مەنپەئەتپەرەسلىك غەرەزلىرىنىڭ مۇز دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئالمىشىش قىممىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئالاھىدە يول قويۇلغان ۋە ئۆز كۈچى بىلەن ئېرىشىلگەن سان - ساناقسىز ئەركىنلىكلەرنىڭ ئورنىغا **بىر خىل** ۋىجدانى بولمىغان سودا ئەركىنلىكىنى قويدى. قىسقىسى، ئۇ دىنىي خىياللار ۋە سىياسى خىياللار بىلەن پەردىلەنگەن ئېكسپىلاتاتسىيە ئورنىغا ئاشكارا، ئۇياتسىز، بىۋاستە، يالىڭاچ ئېكسپىلاتاتسىيىنى قويدى.

بۇرژۇئازىيە ئەزەلدىن ھۆرمەتلىنىپ ۋە قەدىرلىنىپ كەلگەن ھەممە كەسپلەرنىڭ ئامىتىنى يوقاتتى. ئۇ دوختۇرلارنى، لۇيشىلارنى، دىندارلارنى، شائىرلارنى ۋە ئالىملارنى ئۆزى پۇلغا ياللىۋالىدىغان ياللانما ئەمگەكچىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

بۇرژۇئازىيە ئائىلە مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى نازۇك مېھرى - مۇھەببەت چۈمپەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، بۇنداق مۇناسىۋەتنى ساپ پۇل مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرا ئەسىردە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان قوپال نوچىلىقنىڭ ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇقىنى ئۆزىگە مۇناسىپ قوشۇمچە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ ئادەم پائالىيىتىنىڭ ھەرقانداق مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ مىسىر ئېھراملىرىغا، رىم يەر ئاستى ئوستەڭلىرىگە ۋە گوتىكچە چىركاۋلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان موجىزىلەرنى ياراتتى؛ ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى كۆچۈشى ۋە ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىغا

پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يۈرۈشنى ئورۇنلىدى.

بۇرژۇئازىيە ئىشلەپچىقىرىش قورال-لىرىنى، شۇنىڭ ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەت-لىرىنى ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدا ھەممە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاۋىيلاشتۇرماي تۇرۇپ ياشىيالمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، كونا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىش ئوتكەندىكى ھەممە سانائەتچى سىنىپلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن بىرىنچى شەرت ئىدى. ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇشى، بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-لەرنىڭ توختىماي تەۋرىنىپ تۇرۇشى، مەڭگۈ تىنىمسىزلىق ۋە ئۆزگىرىش — مانا بۇلار بۇرژۇئازىيە دەۋرىنىڭ ئىلگىرىكى[1] ھەممە دەۋرلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى. بارلىق تۇراقلىق، قەدىمقى مۇناسىۋەتلەر ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەزەلدىن ھورمەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر يوقالدى، بارلىق يېڭى شەكىللەنگەن مۇناسىۋەت-لەر تۇراقلاشماي تۇرۇپلا كونىراپ قالدى. بارلىق تۇراقلىق نەرسىلەر تۇماندەك تارقاپ كەتتى، بارلىق مۇقەددەس نەرسىلەر ھاقارەت-لەندى. كىشىلەر ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە سوغاق قانلىق بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولدى.

مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش زورۇرىيىتى بۇرژۇئازىيىنى پۈتۈن يەر يۈزىنى كېزىپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭغا ھەممە يەردە ماكان تۇتۇش، ھەممە يەردە ئىگىلىك تىكلەش ۋە ھەممە يەردە ئالاقە ئورنىتىش لازىم بولدى.

---

[1] «ئىلگىرىكى» دېگەن سۆز 1890-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە «باشقا» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بۇرژۇئازىيە، دۇنيا بازىرىنى ئېچىش ئارقىسىدا، ھەممە مەملىكەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىستېمالىنى دۇنياۋى خاراكتېرغا ئىگە قىلدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەرقانچە ھەسرەت ـ نادامەت چېكىشىگە قارىماي، بۇرژۇئازىيە سانائەتنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى مىللىي ئاساسنى قومۇرۇپ تاشلىۋەتتى. قەدىمقى مىللىي سانائەت يوقىتىلدى، بەلكى ھەر كۈنى يوقىتىلماقتا. ئۇلار يېڭى سانائەتلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى، يېڭى سانائەتلەرنىڭ بەرپا قىلىنىشى ھەممە مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ قالدى؛ بۇ سانائەتلەرنىڭ جىياگوڭ قىلىدىغىنى ئۆز يېرىنىڭ خام ئەشيالىرى ئەمەس، بەلكى ئەڭ يىراق جايلاردىن كەلتۈرۈلىدىغان خام ئەشيالار بولدى؛ ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئىستېمالىنىلا تەمىنلەپ قالماي، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىنىڭ ئىستېمالىنىمۇ تەمىنلەيدىغان بولدى. كونا، ئۆز مەملىكىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن قامدىلىدىغان ئېھتىياجنىڭ ئورنىنى يېڭى، ئەڭ يىراق مەملىكەتلەر ۋە جايلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن قامدىلىدىغان ئېھتىياج ئىگىلىدى. ئىلگىرىكى مەھەللىۋى ۋە مىللىي ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەش ۋە ئۆز دائىرىسىدىلا بېكىنىۋېلىش ھالىتىنىڭ ئورنىنى مىللەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى ۋە ھەر جەھەتتىن ئۆزئارا تايىنىشى ئىگىلىدى. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا شۇنداق بولدى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ شۇنداق بولدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى ئومۇمنىڭ مۈلكى بولۇپ قالدى. مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك ۋە چەكلىمىلىككە كۈندىن ـ كۈنگە ئىمكانىيەت بولماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل مىللىي ۋە مەھەللىۋى ئەدەبىياتتىن بىر خىل دۇنيا

ئەدبىياتى[1] ۋۇجۇتقا كەلدى.

بۇرژۇئازىيە، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تېز ئىلگىرىلىشى ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ ناھايىتىمۇ ئاسانلىشىشى ئارقىسىدا، ھەممە مىللەتلەرنى ھەتتا ئەڭ ياۋايى مىللەتلەرنى مەدەنىيەت تەرەپكە تارتتى. ئۇنىڭ شاڭپىنلىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئەرزەنلىگى ئۇ بارلىق ۋەنلى چاڭچېڭلارنى بۇزۇپ تاشلاشتا، ياۋايىلارنىڭ چەتئەللىكلەرنى ئەڭ قاتتىق ئۆچ كۆرۈش روھىي ھالىتىنى بويسۇندۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ئېغىر زەمبىرەك. ئۇ بارلىق مىللەتلەرنى — ئەگەر ئۇلار يوقلىشىنى خالىمىسا — بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنى ئۆز يېرىدە مەدەنىي تۈزۈم دېگەن نەرسىنى يولغا قويۇشقا يەنى بۇرژۇئاز بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىگە ئۆز قىياپىتى بويىچە بىر دۇنيا يارىتىۋالىدۇ.

بۇرژۇئازىيە يېزىنى شەھەرنىڭ ھوكۇمرانلىغىغا بويسۇندۇردى. ئۇ غايەت چوڭ شەھەرلەرنى پەيدا قىلدى، يېزا نوپۇسىغا قارىغاندا شەھەر نوپۇسىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى زور بىر قىسىم ئاھالىنى يېزا تۇرمۇشىدىكى نادانلىق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇردى. يېزىنى شەھەرگە بېقىندۇرۇپ قويغىنىغا ئوخشاش، ئۇ مەدەنىيەتسىز ۋە يېرىم مەدەنىي مەملىكەتلەرنى مەدەنىي مەملىكەتلەرگە بېقىندۇرۇپ قويدى، دېخان مىللەتلەرنى بۇرژۇئا مىللەتلەرگە بېقىندۇرۇپ قويدى، شەرقنى غەرپكە

---

[1] بۇ جۇملىدىكى «ئەدبىيات» (Literatur) دېگەن سۆز پەن، سەنئەت، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردىكى يازما ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بېقىندۇرۇپ قويىدى.

بۇرژۇئازىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ، مۈلۈكنىڭ ۋە ئاھا-لىنىڭ تارقاقلىق ھالىتىنى كۈندىن-كۈنگە يوقاتماقتا. ئۇ ئاھالىنى زىچلاشتۇردى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مەركەزلەشتۈردى، مۈلۈكنى ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ قولىغا توپلىدى. بۇنىڭدىن مۇقەررەر كېلىپ چىققان ئاقىۋەت سىياسىنىڭ مەركەزلىشىشى بولدى. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان، پەقەت ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىلا بار دىگۈدەك بولغان، مەنپەئەتى، قانۇنى، ھوكۇمىتى ۋە چېگرا بېجى باشقا-باشقا بولغان رايونلار ئەمدىلىكتە **بىر تۇتاش** ھوكۇمەتكە، **بىر تۇتاش** قانۇنغا، **بىر تۇتاش** مىللى-سىنىپىي مەنپەئەتكە ۋە **بىر تۇتاش** چېگرا بېجىغا ئىگە **بىر** دولەت بولۇپ بىرلەشتى.

بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ تېخى يۈز يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھوكۇمرانلىغى داۋامىدا ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلگىرىكى ھەممە دەۋرلەردە يارىتىلغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىنمۇ كوپ ۋە زور بولدى. تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى، ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، خىمىيىنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىگىدە ئىشلىتىلىشى، پاراخوت قاتنىشى، تومۇريول قاتنىشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ديەنباۋنىڭ ئىشلىتىلىشى، پۈتۈن-پۈتۈن قۇرۇقلۇق بويىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، دەريالاردا كېمە قاتنىشى، نوپۇسنىڭ خۇددى سېھىرگەرلىك بىلەن يەر ئاستىدىن چاقىرىپ چىققاندەك كوپلەپ ئېشىشى،—ئوتكەن قايسىبىر ئەسىر ئەنە شۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئەمگەك ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىغىنى خىيالىغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى؟

بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇكى، بۇرژۇئازىيە شەكىللىنىشتە

يولەنگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرى
فېوداللىق جەمىيەتتە ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستى-
لىرى ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن
باسقۇچىدا فېوداللىق جەمىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئالماشتۇ-
رۇشىدا بولۇۋاتقان مۇناسىۋەت، يېزا ئىگىلىگى ھەم سانائەتنىڭ
فېوداللارچە تەشكىل قىلىنىشى، قىسقىسى، فېوداللىق مۈلۈكچىلىك
مۇناسىۋىتى تەرەققى قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن
كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق مۇناسىۋەت ئىشلەپچىقىرىشنى
ئىلگىرى سۈرمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇپ قالدى①. ئۇ
ئىشلەپچىقىرىشنى بوغىدىغان سىرتماققا ئايلاندى. ئۇ بىتچىت
قىلىپ تاشلىنىشى كېرەك ئىدى، دەرۋەقە بىتچىت قىلىپمۇ تاشلاندى.
ئۇنىڭ ئورنىنى ئەركىن رىقابەت ۋە ئەركىن رىقابەتكە ئۇيغۇن
كېلىدىغان ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە سىياسى تۈزۈم، بۇرژۇئازىيىنىڭ
ئىقتىسادىي ھوكۈمرانلىغى ۋە سىياسى ھوكۈمرانلىغى ئىگىلىدى.
ھازىر، بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا يەنە خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاپ
كېتىدىغان ھەركەت بولۇۋاتىدۇ. بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى، بۇرژۇئا
مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى—مانا مۇشۇ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى گويا سېھىرگەرلىك بىلەن
ياراتقان ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى ئەمدىلىكتە خۇددى
ئۆزى ئەپسۇن ئوقۇپ پەيدا قىلغان ئالۋاستىلارنى باشقۇرالمايدىغان
داخانىغا ئوخشاپ قالدى. بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى سانائەت

① 1888-يىلدىكى ئېنگىلىزچە نەشرىدە بۇ جۇملە يوق. — خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ۋە سودا تارىخى ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە قارشى تۇرغان، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىغىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ شەرتى بولغان مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىگە قارشى تۇرغان تارىختىنلا ئىبارەت. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، دەۋرىي خاراك-تېرلىق ئايلانما داۋامىدا پۈتۈن بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ھاياتىغا بارغانسېرى خەۋپ سېلىۋاتقان سودا ۋېيجىسىنى كورسىتىپ ئوتۈش كۇپايە قىلىدۇ. سودا ۋېيجىسى ۋاقتىدا ھامان ناھايىتى زور بىر قىسىم تەييار مەھسۇلاتلارلا يوقىتىلىپ قالماستىن، بەلكى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇلگەن ناھايىتى زور بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ يوقىتىلىدۇ. ۋېيجى ۋاقتىدا ئىلگىرىكى ھەممە دەۋرلەردە بولمىغۇر ھادىسىدەك كورۇنىدىغان بىر خىل ئىجتىمائى ۋابا يەنى ئىشلەپ-چىقىرىش ئوشۇقچىلىغى ۋاباسى كېلىپ چىقىدۇ. جەمىيەت ئوزىنىڭ بىر مەھەل ياۋايىلىق ھالەتكە قايتقانلىغىنى ئۇشتۇمتۇت سېزىدۇ؛ گويا بىر ئاچارچىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك خاراپ قىلغۇچ بىر ئۇرۇش جەمىيەتتىكى ھەممە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى يۇتۇۋەتكەندەك بولىدۇ؛ گويا سانائەت ۋە سودا تامامەن يوقىتىپ تاشلانغاندەك بولىدۇ، — بۇنىڭ سەۋىۋى نىمە؟ بۇنىڭ سەۋىۋى: جەمىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتكەنلىگى، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ بەك كوپ بولۇپ كەتكەنلىگى، سانائەت ۋە سودىنىڭ بەك تەرەققى قىلىپ كەتكەنلىگى. جەمىيەتتە بار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە[1] بۇرژۇئا مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ

[1] 1872-، 1883- ۋە 1890-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە» دىگەن سوزلەر ئېلىۋېتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى؛ ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۈچىيىپ بۇنداق مۇناسىۋەت ئۇيغۇنلا-شالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، ئۇ بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ توسقۇن-لۇقىغا ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى؛ ئۇ بۇ توسقۇنلۇقنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشكەن ھامان، پۈتۈن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنى قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بۇرژۇئا مۈلۈكچىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت سالىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى بەك تارىيىپ كېتىپ، ئۆزى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بايلىقنى سىغدۇرالماي-دىغان بولۇپ قالدى. — بۇرژۇئازىيە بۇ ۋەيجىنى قانداق چارە بىلەن تۈگىتىدۇ؟ بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يوقىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى بازارلارنى تارتىۋالىدۇ، كونا بازارلاردىن تېخىمۇ تولۇق پايدى-لىنىدۇ. بۇ زادى قانداق چارە؟ بۇ — بۇرژۇئازىيە پەقەت تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، تېخىمۇ شىددەتلىك ۋەيجىنى تەييارلايدىغان چارە، ۋەيجىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋاستىلەرنى بارغانسىرى ئازايتىدىغان چارە، خالاس.

بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن قورالى ئەمدى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلدى.

ئەمما، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان قورال ياساش بىلەنلا قالمىدى؛ ئۇ يەنە بۇنداق قورالنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەر-نى — ھازىرقى زامان ئىشچىلىرىنى يەنى **پرولېتارلارنى** ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

بۇرژۇئازىيە يەنى كاپىتال قانچە راۋاجلانسا، پرولېتارىيات يەنى ھازىرقى زامان ئىشچىلار سىنپىمۇ شۇ دەرىجىدە **بىللە**

راۋاجلىنىدۇ؛ ھازىرقى زامان ئىشچىلىرى ئۆزلىرىگە ئىش تاپالىغان ۋاقىتتىلا ياشىيالايدۇ، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى كاپىتالنى كۆپەيتىپ تۇرغان ۋاقىتتىلا ئىش تاپالايدۇ. ئۆزلىرىنى پارچە-پۇرات سېتىشقا مەجبۇر بولغان بۇ ئىشچىلارمۇ باشقا ھەرقانداق مالغا ئوخشاش بىر خىل شاڭپىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رىقابەت جەھەتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ۋە بازار جەھەتتىكى بارلىق داۋالغۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ.

ماشىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، پرولېتارلارنىڭ ئەمگىكى ھەرقانداق مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويىدى، شۇ سەۋەپتىن ئىشچىلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق جەلپ قىلىش كۈچىنىمۇ يوقىتىپ قويىدى. ئىشچى ماشىنىنىڭ نوقۇل بېقىندىسى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن پەقەت ئەڭ ئاددى، ھەممىشە بىر خىل ۋە ئەڭ ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىشچىغا سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت پەقەت ئىشچىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ۋە ئىشچىنىڭ ئەۋلات قالدۇرۇشىغا يەتكۈدەك تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. لېكىن، شاڭپىنىنىڭ باھاسى، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكنىڭ باھاسى[27] ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان خىراجەت بىلەن باراۋەر. شۇڭا، ئەمگەك ئادەمنى قانچە زېرىكتۈرسە، ئىش ھەققىمۇ شۇنچە ئازىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ماشىنا ئومۇملاشقانسىرى، ئىش تەقسىماتى ئىنچىكىلەشكەنسىرى ئەمگەك مىقدارىمۇ ئېشىپ بېرىۋېرىدۇ، بۇ ياكى ئىش ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىلغانلىقى، ياكى مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە تەلەپ قىلىنىدىغان ئەمگەك مىقدارىنىڭ ئاشقانلىقى، ماشى-

نىلارنىڭ ھەركىتىنىڭ چاپسانلاشتۇرۇلغانلىغىدىن بولدۇ ۋە باشقىلار.
ھازىرقى زامان سانائىتى ئائىلە باشلىغى تەرزىدىكى ئۇستىنىڭ كىچىك ئىش دۇكىنىنى سانائەت كاپىتالىستىنىڭ چوڭ زاۋۇدىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. زاۋۇتلارغا توپلانغان ئىشچىلار ئاممىسى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇلار سانائەت ئارمىيىسىنىڭ ئاددى ئەسكەرلىرى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك جۇنشى ۋە جۇنگۇەنلەرنىڭ قاتمۇ-قات نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ. ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ، بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنىڭلا قۇللىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەر كۈن، ھەر سائەت ماشىنىنىڭ، نازارەتچىنىڭ، ھەممىدىن ئاۋال ھەر بىر زاۋۇت ئىگىسى بولغان بۇرژۇئازىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق مۇستەبىتلىك تۈزۈمى بېيىشنى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى① مەقسىدى قىلىپ ئاشكارا جاكالىغانسىرى ئۇ رەزىل، نەپرەتلىك ۋە يىرگىنىشلىك بولىۋېرىدۇ.
قول مەشغۇلاتى تەلەپ قىلغان ماھارەت ۋە كۈچ ئازايغانسىرى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان سانائىتى راۋاجلانغانسىرى ئەر ئىشچىلارنى ئايال ئىشچىلار سىقىپ چىقىرىۋېرىدۇ②. ئىشچىلار سىنىپىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنس ئايرىمىسى ۋە ياش قۇرامىنىڭ ھېچبىر ئىجتىمائى ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ئۇلار

---

① 1890-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە «ئاخىرقى» دېگەن سوز ئېلىۋېتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

② «ئايال ئىشچىلار سىقىپ چىقىرىۋېرىدۇ» دېگەن سوزلەر 1848-يىلدىكى بىرىنچى نېمىسچە نەشرى (2-ئايدىكى نەشرىنىڭ 23 بەتلىك نۇسخىسى)دە «ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلار سىقىپ چىقىرىۋېرىدۇ» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

پەقەتلا ئەمگەك قورالى، بىراق يېشى ۋە جىنسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان خىراجەت تەلەپ قىلىدۇ، خالاس.

زاۋۇت ئىگىسىنىڭ ئىشچىلارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىرەر ۋاقىت داۋام قىلىپ، ئىشچىلار ئىش ھەققى ئۈچۈن قولىغا نەق پۇل ئالغان چاغدا، بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر — ئۆي ئىگىلىرى، دۇكاندارلار، گۆرۈخانا خوجايىنلىرى ۋە باشقىلار ئۇلارغا دەرھال ئېتىلىپ كېلىدۇ.

ئىلگىرىكى ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى يەنى ئۇششاق سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئۇششاق سۈتخورلار، قول سانائەتچىلەر ۋە دېھقانلار — بۇ سىنىپلارنىڭ ھەممىسى پرولېتارىيات قوشۇنى قاتارىغا چۈشۈپ قېلىۋېرىدۇ، بەزىلىرى ئۇزلىرىنىڭ ئازغىنا كاپىتالى يىرىك سانائەتنى يولغا قويۇشقا يەتمەي، چوڭراق كاپىتالىستلارنىڭ رىقابەتلىرىگە چىداشلىق بېرەلمىگەنلىكىدىن شۇنداق بولىدۇ؛ بەزىلىرى ئۆز ھۈنەرلىرىنىڭ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى تەرىپىدىن بىر پۇلغا ئەرزىمەيدىغان قىلىپ قويۇلغانلىقىدىن شۇنداق بولىدۇ. پرولېتارىيات قوشۇنى ئەنە شۇ تەرىقىدە ئاھالىنىڭ ھەممە سىنىپلىرىدىن تولۇقلىنىپ بارىدۇ.

پرولېتارىيات تۈرلۈك تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا باشلاندى.

دەسلەپ ئايرىم ئىشچىلار، كېيىن مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم بىر جاينىڭ مەلۇم ئەمگەك تارمىقىدىكى ئىشچىلار ئۆزلىرىنى بىۋاستە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ تۇرغان ئايرىم بۇرژۇئازلار بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلار بۇرژۇئا

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگىلا ھۇجۇم قىلىپ قالماستىن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزىگىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ[1]؛ ئۇلار رىقابەت قىلغۇچى چەتئەل شاكپىنلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، ماشىنىلارنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ، زاۋۇتلارنى كويدۇرىدۇ ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىشچىلىرىنىڭ قولدىن كەتكەن ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ.

بۇ باسقۇچتا ئىشچىلار تېخى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان ۋە رىقابەت ئارقىسىدا بولۇنۇپ كەتكەن ئاممىدىن ئىبارەت بولىدۇ. كەڭ ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى تېخى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولماي، بەلكى بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيىگە ئۆزىنىڭ سىياسى مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن پرولېتارىياتنى ھەركەتلەندۈرۈش لازىم بولىدۇ، بەلكى ئۇ ۋاقىتنىچە ھەركەتلەندۈرەلەيدۇ. شۇڭا، بۇ باسقۇچتا پرولېتارلار ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلماي، بەلكى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، يەنى پادىشالىق مۇستەبىتلىكىنىڭ قالدۇقلىرى، پومېششىكلار، غەيرى سانائەت بۇرژۇئازلىرى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن تارىخىي ھەركەت بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ؛ بۇنداق شارائىتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەر بىر غەلىبە بۇرژۇئازىيىنىڭ غەلىبىسى بولىدۇ.

لېكىن، سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، پرولېتارىيات

[1] بۇ جۈملە 1888-يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدە «ئۇلار بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدۇ» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

يالغۇز سان جەھەتتىنلا كوپىيىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ تېخمۇ زور كوللېكتىپ بولۇپ بىرلىشىدۇ، ئۇنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسىدۇ، ئۇ ئۆز كۈچىنى بارغانسىرى سېزىپ بارىدۇ. ماشىنا ئەمگەكنىڭ پەرقىنى بارغانسىرى ئازايتىدۇ، ئىش ھەقىقىنى ھەممە يەردە دېگۈدەك ئوخشاش تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ بارغان-سىرى بىردەك بولۇپ بارىدۇ. بۇرژۇئازلار ئوتتۇرىسىدا كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقان رىقابەت ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان سودا ۋېيجىسى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەقىقىنى بارغانسىرى تۇراقسىز قىلىپ قويىدۇ؛ ماشىنىلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تېز ۋە ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ بېرىشى ئىشچىلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ئورنىنى بارغان-سىرى كاپالەتسىز قالدۇرىدۇ؛ ئايرىم ئىشچى بىلەن ئايرىم بۇرژۇئاز ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بارغانسىرى ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش خاراكتېرىنى ئالىدۇ. ئىشچىلار بۇرژۇئازلارغا قارشى ئىتتىپاقلارنى[1] تۈزۈشكە باشلايدۇ؛ ئۇلار بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى قوغدايدۇ. ئۇلار توقۇنۇش بولۇپ قالغان تەقدىردە تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەتتا دائىمى تەشكىلات-لارنى قۇرىدۇ. بەزى جايلاردا كۈرەش قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئىشچىلار گاھىدا غەلىبىگىمۇ ئېرىشىدۇ، لېكىن بۇ غەلىبە پەقەت ۋاقىتلىق غەلىبە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈرىشىنىڭ ھەقىقى نەتىجىسى بىۋاستە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەت ئەمەس، بەلكى ئىشچى-لارنىڭ بارغانسىرى كېڭىيىپ بېرىۋاتقان ئىتتىپاقلىقى بولىدۇ.

---

[1] 1888 ـ يىلدىكى ئېنگىلىزچە نەشرىدە بۇ يەرگە «(ئىشچىلار بىرلەش-مىلىرى)» دېگەن سوزلەر قوشۇلغان. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بۇنداق ئىتتىپاقلىق يىرىك سانائەت ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، كۈندىن-كۈنگە تەرەققى قىلىۋاتقان قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ، بۇنداق قاتناش قوراللىرى ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشچىلارنى بىر بىرى بىلەن باغلايدۇ. مۇشۇنداق باغلىنىش بولغاندىلا، خاراكتىرى ئوخشاش بولغان نۇرغۇن يەرلىك خاراكتىردىكى كۈرەشلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مەملىكەت خاراكتىرىدىكى كۈرەش، سىنىپىي كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بارلىق سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەممىسى سىياسى كۈرەش. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ شەھەر ئاھالىسى يېزىلاردىكى چىغىر يوللار ئارقىلىق بىرنەچچە يۈز يىل ئىچىدە ئېرىشىشى مۇمكىن بولغان ئىتتىپاقلىققا ھازىرقى زامان پۇرولېتارلىرى تومۇريول ياردىمى بىلەن بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئېرىشىدىغان بولدى.

پۇرولېتارلارنىڭ سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشۇشى ۋە شۇنىڭ بىلەن پارتىيە بولۇپ ئۇيۇشۇشى ئىشچىلارنىڭ ئوزئارا رىقابەتلىرى سەۋەبىدىن ئۈزلۈكسىز بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئۇيۇشۇش ھەمىشە كەينى-كەينىدىن قايتا يۈزبېرىدۇ ھەمدە ھەر قېتىمقىسى ئىلگىرىكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئىشچىلارنىڭ ئايرىم مەنپەئەتىنى قانۇن شەكلى بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ 10 سائەتلىك ئىش كۈنى قانۇنى بۇنىڭ بىر مىسالى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كونا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشلار پۇرولېتارىياتنىڭ راۋاجلىنىشىنى كوپ جەھەتتىن ئىلگىرى سۈردى. بۇرژۇئازىيە ئۈزلۈكسىز كۈرەش ئىچىدە تۇرىدۇ: دەسلەپ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى تۇرىدۇ، كېيىن ئۆز مەنپەئەتى

سانائەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىت بولغان بىر قىسىم بۇرژۇ-
ئازىيىگە قارشى تۇرىدۇ ھەمدە ھەر دائىم بارلىق چەتئەل بۇرژۇ-
ئازىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ. بۇ ھەممە كۈرەشلەردە بۇرژۇئازىيە
پرولېتارىياتقا مۇراجەئەت قىلىشقا، پرولېتارىياتتىن ياردەم سوراشقا
مەجبۇر بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ پرولېتارىياتنى سىياسى ھەركەتكە
تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭ تەربىيە
ئامىللىرىنى[1] يەنى ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان قورالنى پرولېتارىياتقا
بېرىدۇ.

ئاندىن قالسا، كورۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى
ھوكۇمران سىنىپ ئىچىدىكى پۈتۈن-پۈتۈن تەبىقىلەرنى پرولې-
تارىيات قوشۇنى قاتارىغا تاشلايدۇ، ياكى ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش شارائىتىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ. ئۇلارمۇ پرولېتارىياتقا
نۇرغۇن تەربىيە ئامىللىرىنى[2] ئالغاچ كېلىدۇ.

ئاخىردا، سىنىپي كۈرەش ھەل قىلغۇچ چەككە يېقىنلاشقان
مەزگىلدە، ھوكۇمران سىنىپ ئىچىدىكى، پۈتۈن كونا جەمىيەت
ئىچىدىكى پارچىلىنىش جەريانى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن
كەسكىن دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ھەتتا ھوكۇمران سىنىپ
ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ھوكۇمران سىنىپتىن ئايرىلىپ

---

[1] «تەربىيە ئامىللىرىنى» دىگەن سوزلەر 1888 - يىلىدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە «سىياسى تەربىيە ۋە ئومۇمى تەربىيە ئامىللىرىنى» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

[2] «نۇرغۇن تەربىيە ئامىللىرىنى» دىگەن سوزلەر 1888 - يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە «ئاقارتىش ۋە تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئامىللىرىنى» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

چقىپ، ئىنقىلاۋي سىنىپقا يەنى كەلگۈسىنى قولدا تۇتىدىغان سىنىپقا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى ئىلگىرى ئاقسوڭەكلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇرژۇئازىيە تەرەپكە ئۆتكەنگە ئوخشاش، ھازىر بۇرژۇئازىيە ئىچىدىنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپمۇ پۈتۈن تارىخىي ھەركەتنى نەزىرىيۋى جەھەتتىن چۈشىنىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن بىر قىسىم بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى پرولېتارىيات تەرەپكە ئۆتىدۇ.

ھازىر بۇرژۇئازىيە بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغان ھەممە سىنىپلار ئىچىدە پەقەت پرولېتارىياتلا ھەقىقى ئىنقىلاۋي سىنىپ. قالغان سىنىپلار يىرىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا كۈندىن-كۈنگە زاۋاللىققا يۈزتۇتۇپ ۋە يوقىلىپ بارىدۇ، پرولېتارىيات بولسا يىرىك سانائەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەھسۇلى.

ئارىلىقتىكى تەبىقە يەنى ئۇششاق سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر، قول سانائەتچىلەر ۋە دىخانلار بۇرژۇئازىيە بىلەن كۈرەش قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئارىلىقتىكى تەبىقىلىك ھاياتىنى ساقلاش، ھالاكەتتىن ساقلىنىشنى كوزدە تۇتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىنقىلاۋي ئەمەس، بەلكى باۋشۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار ھەتتا ئەكسيەتچى، چۈنكى ئۇلار تارىخنىڭ چاقىنى ئارقىغا بۇراشقا كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىنقىلاۋي دىيىلسە، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ پرولېتارىيات قوشۇنى قاتارىغا ئۆتىدىغانلىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتىكى مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەيدانىنى تاشلاپ، پرولېتارىيات مەيدانىغا ئۆتىدۇ.

لۇكچەك پۇرولېتارىيات كونا جەمىيەتنىڭ ئەڭ توۋەن قاتلىمىنىڭ پاسسىپ، چىرىك قىسمى، ئۇلار گايىدا پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن ھەركەتكە تارتىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، ئۇزلىرىنىڭ پۇتۇن تۇرمۇش ئەھۋالى سەۋەبىدىن، ئۇلار باشقىلارغا سېتىلىپ ئەكسىيەتچىل شۇملۇقلارنى قىلىشقا تېخىمۇ مايىل كېلىدۇ.

كونا جەمىيەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتى پۇرولېتارىياتنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا يوقىتىلىپ بولدى. پۇرولېتارلارنىڭ مۈلكى يوق؛ ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمدى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى بىلەن ئورتاق يېرى قالمىدى؛ ھازىرقى زامان سانائەت ئەمگىگى، ھازىرقى زامان كاپىتال زۇلمى، مەيلى ئەنگلىيىدە ياكى فرانسىيىدە بولسۇن، مەيلى ئامېرىكىدا ياكى گېرمانىيىدە بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاش، ھەممىسىدە پۇرولېتارلارنى ھەرقانداق مىللىي خاراكتېرىدىن مەھرۇم قىلدى. قانۇن، ئەخلاق، دىن — بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇرولېتارلارنىڭ قارىشىچە بۇرژۇئا مەنپەئەتىنى يېپىپ تۇرغان بۇرژۇئا بىر تەرەپلىمە قارىشى.

ئىلگىرىكى ھەممە سىنىپلار ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ھامان پۇتۇن جەمىيەتنى ئۇزلىرىنىڭ بېيىش شارائىتلىرىغا بويسۇندۇرۇپ كەلدى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇزلىرى ئېرىشكەن تۇرمۇش ئورۇنلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. پۇرولېتارلار ئۇزلىرىنىڭ مەۋجۇت ئۇزلەشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يوقاتقاندىلا ۋە شۇنىڭ بىلەن مەۋجۇت ھەممە ئۇزلەشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يوقاتقاندىلا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئىگە بولالايدۇ. پۇرولېتار-لارنىڭ قوغداش زورۇر بولغان ھېچقانداق ئۆز نەرسىسى يوق،

ئۇلار بۇ كەمگچە خۇسۇسى مۇلۇكنى قوغداپ ۋە تەمن ئېتپ كەلگەن ھەممنى بتچت قلشى كېرەك.

ئلگرىكى ھەركەتلەرنڭ ھەممسى ئاز سانلق كشلەرنڭ ھەركتى ياكى ئاز سانلق كشلەرنڭ مەنپەئەتنى كوزلگەن ھەركەت ئدى. پۇرولېتارياتنڭ ھەركتى — مۇتلەق زور كوپچلك كشلەرنڭ مۇستەقل ھەركتى، مۇتلەق زور كوپچلك كشلەرنڭ مەنپەئەتنى كوزلەيدغان[1] مۇستەقل ھەركەت. پۇرولېتاريات، ھازرقى جەميەتنڭ ئەڭ توۋەن قاتلمى، ئەگەر رەسمى جەميەتنى تەشكل قلغان پۇتۇن يۇقۇرى قاتلامنڭ كۇلنى كوككە سورمسا، بېشنى كوترەلمەيدۇ، قەددنى رۇسليالمايدۇ.

ئەگەر مەزمۇندن ئەمەس، شەكلدن ئېيتلسا، پۇرولېتارياتنڭ بۇرژۇئازيىگە قارشى كۇرشى ھەممدن ئاۋال بر مەملكەت دائرسدكى كۇرەش. ھەر بر مەملكەتنڭ پۇرولېتارياتى، ئەلۋەتتە، ھەممدن ئاۋال ئۇز مەملكتنڭ بۇرژۇئازيسنى يوقتشى كېرەك.

پۇرولېتارياتنڭ تەرەققياتنڭ ئەڭ ئومۇمى باسقۇچلرنى بايان قلغان چاغدا، بز ھازرقى جەميەتنڭ ئچكى قسمدا ئازدۇر-كوپتۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئچكى ئۇرۇشنى، بۇ ئۇرۇشنڭ ئاشكارا ئنقلاپقا ئايلنشغا، پۇرولېتارياتنڭ بۇرژۇئازيىنى زورلۇق كۇچ بلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇز ھوكۇمرانلغنى ئورنتشغا قەدەر تەرتپ بويچە تەكشۇرۇپ ئوتتۇق.

كورۇپ ئوتكنمزدەك، ھازرغچە بولغان ھەممە جەميەتلەر

---

① 1888-يلدكى ئېنگلزچە نەشردە بۇ يەرگە «ئاشكارا» دېگەن سوز قوشۇلغان. — خەنزۇچىغا تەرجمە قلغۇچىدن

ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ قارىمۇ ـ قارشى-
لىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما، بىرەر سىنىپنى ئېزىش ئىمكانىيە-
تىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، شۇ سىنىپنى ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ
قۇللارچە ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغان شارائىت بىلەن تەمىن
ئېتىش كېرەك. نۇڭنۇلار نۇڭنۇلۇق تۈزۈم ئاستىدا تىرمىشىپ
يۈرۈپ گۈڭشى ئەزالىقى ئورنىغا يەتكەن ئىدى، ئۇششاق بۇرژۇ-
ئازلار فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا تىرمىشىپ
يۈرۈپ بۇرژۇئازلار ئورنىغا يەتكەن ئىدى. ھازىرقى زامان ئىشچى-
لىرى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى
ئارقىسىدا يۇقىرى كۆتىرىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى بارغانسىرى
ئۆز سىنىپىنىڭ ياشاش شارائىتىدىنمۇ تۆۋەن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ.
ئىشچىلار نامراتلارغا ئايلانماقتا، نامراتلىق نوپۇس ۋە بايلىقتىنمۇ
چاپسانراق ئۆسۈپ بارماقتا. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇكى، بۇرژۇئازىيە ئەمدى جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ
تۇرالمايدۇ، ئۆز سىنىپىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ھەممىنى ئىدارە
قىلىدىغان قانۇن سۈپىتىدە جەمئىيەتكە تاڭالمايدۇ. بۇرژۇئازىيە
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ
قۇللىرىنىڭ قۇللۇق تۇرمۇشىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەت
بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قۇللىرىنى ئۇنى باقالمايدىغان،
ئەكسىچە ئۇنىڭ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ
قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. جەمئىيەت ئەمدى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمران-
لىقى ئاستىدا ياشىيالمايدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمدى
جەمئىيەت بىلەن چىقىشالمايدۇ.

بۇرژۇئازىيىنىڭ ياشىشىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ تۈپ

شەرتى — بايلىقنىڭ خۇسۇسىلار قولىغا توپلىنىشى، كاپىتالنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە كۆپىيىشى[1]؛ كاپىتالنىڭ ياشاش شەرتى ياللانما ئەمگەك. ياللانما ئەمگەك تامامەن ئىشچىلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇرژۇئازىيە مەقسەتسىز ھالدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ قويۇپ قارشى چىقىشقا ئەمدى چامىسى يەتمەي قالغان سانائەت تەرەققىياتى ئىشچىلارنىڭ رىقابەت ئارقىسىدا كېلىپ چىققان تارقاقلىق ھالىتى ئورنىغا ئۇلارنىڭ بىرلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقلىغىنى دەسسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يىرىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن، بۇرژۇئازىيە ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە مەھسۇلاتنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تايىنىدىغان ئاساسنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىدىن ئاۋال ئىشلەپچىقارغىنى ئۆزىنىڭ گوركارى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە پرولېتارىياتنىڭ غەلىبە قىلىشى ئوخشاشلا مۇقەررەر.

## 2. پرولېتارلار ۋە كوممۇنىستلار

كوممۇنىستلارنىڭ ئومۇمەن پرولېتارلار بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

كوممۇنىستلار باشقا ئىشچىلار پارتىيىلىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغان ئالاھىدە پارتىيە ئەمەس.

ئۇلارنىڭ پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقىچە

---

[1] بۇ جۈملە 1888 - يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە «بۇرژۇئازىيىنىڭ ياشىشىنىڭ ۋە ھوكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ تۈپ شەرتى كاپىتالنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە كۆپىيىشى» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بولغان ھېچقانداق مەنپەئەتى يوق.

ئۇلار ھېچقانداق ئالاھىدە[1] پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پرولېتارىيات ھەرىكىتىنى ياساپ چىقمايدۇ.

كوممۇنىستلارنىڭ باشقا پرولېتارىيات پارتىيىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى پەقەت شۇكى، بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى مەملىكەت پرولېتارلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدە كوممۇنىستلار پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مىللەت ئايرىمايدىغان ئورتاق مەنپەئەتىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بېسىپ ئۆتىدىغان ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا كوممۇنىستلار باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىيەت جەھەتتە، كوممۇنىستلار ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەتئىي ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئالغا سۈرىدىغان[2] قىسىم؛ نەزەرىيە جەھەتتە، ئۇلارنىڭ باشقا پرولېتارىيات ئاممىسىدىن ئارتۇق يېرى شۇكى، ئۇلار پرولېتارىيات ھەرىكىتىنىڭ شارائىتىنى، بېرىشىنى ۋە ئومۇمىي نەتىجىسىنى چۈشىنىدۇ.

كوممۇنىستلارنىڭ يېقىنقى مەقسىدى باشقا بارلىق پرولېتارىيات پارتىيىلىرىنىڭ يېقىنقى مەقسىدى بىلەن ئوخشاش: پرولېتارىياتنى

---

[1] «ئالاھىدە» دېگەن سۆز 1888 ـ يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدە «مەزھەپچىلىك» دېيىلگەن. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

[2] «ئەڭ قەتئىي ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئالغا سۈرىدىغان» دېگەن سۆزلەر 1888 ـ يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدە «ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ قەتئىي» دېيىلگەن. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

سىنىپ قىلىپ شەكىللەندۈرۈش، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ھاكىمىيەتنى پرولېتارىيات تارتىۋېلىش.

كوممۇنىستلارنىڭ نەزەرىيىۋى قائىدىلىرى ھەرگىز دۇنيانى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان ئۇ ياكى بۇ ئىسلاھاتچى كەشىپ قىلغان ياكى ئىختىرا قىلغان ئىدىيىلەرنى، پىرىنسىپلارنى ئاساس قىلمايدۇ.

بۇ قائىدىلەر مەۋجۇت سىنىپىي كۈرەشنىڭ، كۆز ئالدىمىزدىكى تارىخىي ھەركەتنىڭ ھەقىقى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمى ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت. ئىلگىرىدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى يوقىتىش كوممۇنىزىمغىلا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس.

بارلىق مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋەتلىرى دائىملىق تارىخىي ئالمىشىشنى، دائىملىق تارىخىي ئۆزگىرىشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلدى.

مەسىلەن، فرانسىيە ئىنقىلاۋى فېوداللىق مۇلۇكچىلىكنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرژۇئا مۇلۇكچىلىكىنى ئورناتتى.

كوممۇنىزىمنىڭ خۇسۇسىيىتى ئومۇمەن مۇلۇكچىلىكنى بىكار قىلىش ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئا مۇلۇكچىلىكىنى بىكار قىلىش.

ئەمما، ھازىرقى زامان بۇرژۇئا خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ئۈستىگە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى① ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىشلەپ-

---

① «بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى» دىگەن سۆزلەر 1888-يىلىدىكى ئېنگىلىزچە نەشرىدە «ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

چىقىرىشىنىڭ ۋە مەھسۇلات ئۇزلەشتۈرۈشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەنە كېلىپ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسى.

بۇ مەنىدە ئېيتقاندا، كوممۇنىستلار ئۆز نەزىرىيىسىنى بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىشى مۇمكىن: خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش.

بەزىلەر بىز كوممۇنىستلارنى، سىلەر شەخس قولىغا كەلتۈرگەن، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئېرىشكەن مۈلۈكنى يوقاتماقچى بولىسىلەر، شەخسنىڭ بارلىق ئەركىنلىكى، پائالىيىتى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان مۈلۈكنى يوقاتماقچى بولىسىلەر، دەپ ئەيىپلەيدۇ.

ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئېرىشكەن، ئۆزى قولىغا كەلتۈرگەن، ئۆزى تاپقان مۈلۈكمىش! سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار بۇرژۇئا مۈلۈكچىلىكىدىن ئىلگىرىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ، ئۇششاق دېھقانلارنىڭ مۈلكىمۇ؟ ئۇنداق مۈلۈكنى بىزنىڭ يوقىتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇنى يوقىتىپ بولغان، بەلكى ھەر كۈنى يوقاتماقتا.

يا بولمىسا، سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ خۇسۇسى مۈلكىدۇ؟

لېكىن، ياللانما ئەمگەك، پرولېتارلار ئەمگىكى پرولېتارلارغا مۈلۈك يارىتىپ بېرەمدۇ؟ ياق. بۇنداق ئەمگەكنىڭ يارىتىدىغىنى كاپىتال، يەنى ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان مۈلۈك، قايتىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن يېڭى ياللانما ئەمگەكنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن شارائىتتىلا كۆپىيەلەيدىغان مۈلۈك. ھازىرقى بۇنداق مۈلۈك كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق ئىچىدە ھەركەت قىلىدۇ.

بۇنداق قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ ئىككى تەرىپىنى كورۇپ چىقايلى.

كاپىتالىست بولۇش دىگەنلىك ئىشلەپچىقىرىشتا پەقەت بىر خىل نوقۇل شەخسى ئورۇنىلا تۇتۇش بىلەن قالماي، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائى ئورۇنمۇ تۇتۇش دىگەنلىك بولىدۇ. كاپىتال كوللىكتىپنىڭ مەھسۇلى، ئۇ جەمىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنىڭ ئورتاق پائالىيىتى ئارقىلىقلا، بەلكى ئاخىرقى ھىساپتا پەقەت جەمىيەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق پائالىيىتى ئارقىلىقلا ئاندىن ئىشقا سېلىنىدۇ.

دىمەك، كاپىتال بىر خىل شەخسى كۈچ ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائى كۈچ.

شۇڭا، كاپىتالنى جەمىيەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىغا تەئەللۇق ئومۇمى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش شەخسى مۈلۈكنى ئىجتىمائى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش بولمايدۇ. بۇ يەردە پەقەت مۈلۈكنىڭ ئىجتىمائى خاراكتىرى ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىنىپىي خاراكتىرىنى يوقىتىدۇ.

ئەمدى، بىز ياللانما ئەمگەكنى كورۇپ چىقايلى.

ياللانما ئەمگەكنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى ـــ ئەڭ توۋەن چەكتىكى ئىش ھەققى، يەنى ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشچى تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن كېرەك بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ مىقتارى. دىمەك، ياللانما ئىشچى ئۆز ئەمگىگى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن نەرسە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنى قامداشقا ئارانلا يېتىدۇ. بىز بىۋاستە ھاياتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئىشلىتىلىدىغان بۇنداق ئەمگەك مەھسۇلاتىنى شەخس ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەسلا يوقاتماقچى ئەمەسمىز، بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش كىشىلەرگە باشقىلار-نىڭ ئەمگىگى ئۈستىدە ھوكۇمرانلىق قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان ھېچقانداق ئارتۇقچە نەرسە قالدۇرمايدۇ. بىز بۇنداق ئۆزلەشتۈ-

رۇشنىڭ ئېچىنارلىق خاراكتېرىنىلا يوقاتماقچىمىز، بۇنداق ئۇزلەش-تۇرۇش شارائىتىدا، ئىشچى پەقەت كاپىتالنى كوپەيتىش ئۇچۇنلا ياشايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ هوكۇمران سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۇنىڭ ياشىشىغا مۇهتاج بولغان چاغدىلا ياشيالايدۇ.

بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە جانلىق ئەمگەك پەقەت جۇغلانغان ئەمگەكنى كوپەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى. كوممۇنىزىم جەمئىيىتىدە جۇغلانغان ئەمگەك پەقەت ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كېڭەيتىش، بېيىتىش ۋە ئۇستۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى.

شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە ئوتمۇش هازىرنىڭ ئۇستىدىن هوكۇمرانلىق قىلىدۇ، كوممۇنىزىم جەمئىيىتىدە هازىر ئوتمۇشنىڭ ئۇستىدىن هوكۇمرانلىق قىلىدۇ. بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە، كاپىتال مۇستەقىللىققا ۋە شەخسلىككە ئىگە، پائالىيەت قىلىۋاتقان شەخس بولسا مۇستەقىللىققا ۋە شەخسلىككە ئىگە ئەمەس.

هالبۇكى، بۇرژۇئازىيە ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى يوقىتىشنى شەخسلىكنى ۋە ئەركىنلىكنى يوقىتىش دەيدۇ! ئۇ توغرا ئېيتىدۇ. هەقىقەتەن، دەل بۇرژۇئازلارنىڭ شەخسلىگى، مۇستەقىللىغى ۋە ئەركىنلىگى يوقىتىلىدۇ.

هازىرقى بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدە ئاتالمىش ئەركىنلىك سودا ئەركىنلىگى، ئالدى-ساتتى ئەركىنلىگى بولىدۇ.

بىراق، ئالدى-ساتتىنىڭ تۇگىشى بىلەن ئەركىن ئالدى-ساتتىمۇ تۇگەيدۇ. بىزنىڭ بۇرژۇئازلىرىمىزنىڭ ئەركىن ئالدى-ساتتى توغرىسىدىكى قۇرۇق سوزلىرىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدىكى باشقا هەممە چوڭ گەپلىرىگە ئوخشاش پەقەت

ئەركىن بولمىغان ئالدى ـ ساتتىغا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن شەھەر ئاھالىسىگىلا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەھمىيىتى بار، كوممۇنىزىمنىڭ ئالدى ـ ساتتىنى يوقىتىشىغا، بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشىغا نىسبەتەن بولسا قىلچىلىكمۇ ئەھمىيىتى يوق.

سىلەر بىزنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپلا، قورقۇپ ئالاقىزادە بولۇپ كېتىسىلەر. لېكىن، خۇسۇسى مۈلۈك سىلەرنىڭ ھازىرقى جەمىيىتىڭلاردا جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوندىن توققۇزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يوقىتىلىپ بولغان؛ دەل خۇسۇسى مۈلۈك جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوندىن توققۇزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇنداق خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك مەۋجۇت. دېمەك، سىلەر بىزنى جەمىيەتتىكى مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۈلكى بولماسلىقىنى زۆرۈر شەرت قىلىدىغان مۈلۈكچىلىكنى يوقاتماقچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەيىپلەيدىكەنسىلەر ـ دە.

قىسقىسى، سىلەر بىزنى سىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق مۈلۈكچىلىكىڭلارنى يوقاتماقچى بولغىنىمىز ئۈچۈن ئەيىپلەيدىكەنسىلەر ـ دە. توغرا، بىز راستىلا شۇنداق قىلماقچىمىز.

سىلەر، ئەمگەكنى كاپىتالغا، پۇلغا، يەر ئىجارىسىگە ئايلاندۇرۇشقا بولماي قالغان، قىسقىسى، لۇڭدۇن قىلىۋېلىش مۇمكىن بولغان ئىجتىمائى كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا بولماي قالغان ۋاقىتتىن باشلاپ، دېمەك، شەخسى مۈلۈكنى بۇرژۇئا مۈلكىگە ئايلاندۇرۇشقا[1]

[1] 1888 ـ يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدە بۇ يەرگە «كاپىتالغا ئايلاندۇرۇشقا» دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بولماي قالغان ۋاقىتتىن باشلاپ شەخسلىك يوقىتىلغان بولىدۇ، دەيسىلەر.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، سىلەر شەخسلىك دەپ پەقەت بۇرژۇئازىنى، بۇرژۇئا خۇسۇسى مۈلۈك ئىگىسىنىلا چۈشىنىدىغانلىغىڭلارنى ئۆزەڭلار ئىتىراپ قىلىسىلەر. بۇنداق شەخسلىك ھەقىقەتەن يوقىتىلىشى كېرەك.

كوممۇنىزىم ھەرقانداق كىشىنى ئىجتىمائى مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت مۇشۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەمگىگىنى قۇللۇققا چۈشۈرۈش ھوقۇقىدىنلا مەھرۇم قىلىدۇ.

بەزىلەر، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك يوقىتىلىشى بىلەنلا ھەممە پائالىيەت توختايدۇ، ھورۇنلۇق كەيپىياتى ئەۋج ئالىدۇ، دەپ رەددىيە بېرىدۇ.

شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى ھورۇنلۇق ئارقىسىدا ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى، چۈنكى بۇ جەمىيەتتە ئەمگەك قىلغانلار ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئىگە بولغانلار ئەمگەك قىلمايدۇ. بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇنداق بىر مەنىداش قايتۇرما سوزگە يىغىش مۇمكىن: كاپىتال يوق بولىدىكەن، ياللانما ئەمگەكمۇ بولمايدۇ.

ماددى مەھسۇلاتلارنى كوممۇنىستىك ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان بارلىق ئەيىپلەشلەر مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتىگىمۇ ئوخشاشلا كېڭەيتىلدى. سىنىپىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش بۇرژۇئاز-لارغا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنى يوقىتىش بولۇپ كورۇنگىنىگە

ئوخشاش، سىنىپىي ماﺋارىپنى يوقىتىشمۇ ئۇلارغا بارلىق ماﺋارىپنى يوقىتىش بىلەن باراۋەر بولۇپ كورۇنىدۇ.

بۇرژۇئازىلارنىڭ يوقىلىپ كەتمىگىدى دەپ ئەندىشە قىلىپ يۇرگەن ماﺋارىپى مۇتلەق زور كوپچىلىك كىشىلەر ئۇچۇن ئىيتقاندا ئادەمنى ماشىنا قىلىپ تەربىيلەپ چىقىشتىن ئىبارەت، خالاس.

ئەمما، سىلەر بۇرژۇئا مۇلۇكچىلىگىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلارنى ئۇزەڭلارنىڭ ئەركىنلىك، ماﺋارىپ، هوقۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدىكى بۇرژۇئاچە ئىدىيەڭلار بىلەن ئولچەيدىغان بولساڭلار، ئۇ هالدا بىز بىلەن مۇنازىرىلەشمەيلا قويۇڭلار. سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلارنىڭ ئۇزى بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مەهسۇلى، بۇ خۇددى سىلەرنىڭ هوقۇقۇڭلار ئۇز سىنىپىڭلارنىڭ قانۇن دەپ كورسىتىلگەن ئىرادىسى بولغىنىغىلا ئوخشاش، هالبۇكى، بۇنداق ئىرادىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇز سىنىپىڭلارنىڭ ماددى تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ.

سىلەرنىڭ بىر ياقىلىما ئىدىيەڭلار سىلەرنى ئۇزەڭلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىڭلارنى ۋە مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋىتىڭلارنى تارىخىي بولغان، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋاقىتلىق بولغان مۇناسىۋەتلىكتىن مەڭگۇلۇك تەبىي قانۇنىيەتلەر ۋە ئەقلىي قانۇنىيەتلەرگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، بۇ بىر ياقىلىما ئىدىيە سىلەردىمۇ ۋە بارلىق هالاك بولغان هوكۇمران سىنىپلاردىمۇ ئوخشاش بولۇپ كەلگەن. سىلەر قەدىمقى زامان مۇلۇكچىلىگى توغرىسىدا سوز بولغاندا چۇشىنەلەيدىغان نەرسىنى، فېئوداللىق مۇلۇكچىلىك توغرىسىدا سوز بولغاندا چۇشىنەلەيدىغان نەرسىنى بۇرژۇئا مۇلۇكچىلىگى توغرىسىدا سوز بولغاندىلا چۇشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالىسىلەر.

ئائىلىنى يوقىتىش! ھەتتا ئۇچىغا چىققان رادىكاللارمۇ كوممۇ-
نىستلارنىڭ بۇ نومۇسسىز نىيىتىگە غەزەپ-نەپرەت بىلدۈرىدۇ.
ھازىرقى زامان، بۇرژۇئا ئائىلىسى قانداق ئاساس ئۈستىگە
قۇرۇلغان؟ كاپىتال ئۈستىگە قۇرۇلغان، خۇسۇسىلار بېيىش ئۈستىگە
قۇرۇلغان. بۇنداق ئائىلىنىڭ تولۇق راۋاجلانغان شەكلى پەقەت
بۇرژۇئازىيە ئىچىدىلا مەۋجۇت، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ھادىسە بولسا
پرولېتارلارنىڭ ئائىلىسىزلىقتىن بويتاق يۈرۈشى ۋە ئاشكارا پاھىشە.
بۇرژۇئازلار ئائىلىسى ئۆزىگە قوشۇمچە بولغان بۇنداق ھادىسە-
نىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە ئۆز ئۆزىدىن يوقىلىدۇ، ئىككىلىسى
كاپىتالنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە يوقىلىدۇ.
بەلكى سىلەر بىزنى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلىشىنى يوقاتماقچى، دەپ ئەيىپلەۋاتقانسىلەر؟ بىز بۇ
جىنايىتىمىزگە ئىقرارمىز.
لېكىن، سىلەر بىزنى، ئائىلە تەربىيىسى ئورنىغا جەمئىيەت تەر-
بىيىسىنى قويۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىرىنى
يوقاتماقچىسىلەر، دەيسىلەر.
سىلەرنىڭ تەربىيەڭلارنىمۇ جەمئىيەت بەلگىلىگەن ئەمەسمۇ؟
ئۆزەڭلار تەربىيە بېرىشتە پايدىلىنىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر
بەلگىلىگەن ئەمەسمۇ؟ جەمئىيەتنىڭ مەكتەپ ۋە باشقىلار ئارقىلىق
بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئارىلىشىشى بەلگىلىگەن ئەمەسمۇ؟ كوممۇ-
نىستلار، جەمئىيەت تەربىيىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دىگەننى كەشپ
قىلغىنى يوق؛ ئۇلار پەقەت بۇنداق تەسىرنىڭ خاراكتىرىنى ئۆزگەر-
تىدۇ، تەربىيىنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.
پرولېتارلارنىڭ ھەممە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلىرى يىرىك

سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا بۇزۇلۇۋەرگەنسىرى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بۇنداق تەرەققىيات ئارقىسىدا ساپ ئالدى-ساتتى دۇيشياڭغا ۋە ئەمگەك قورالىغا ئايلىنىۋەرگەنسىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئائىلە ۋە تەربىيە توغرىسىدىكى، ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلىرى كىشىنى سەسكەندۈرىۋېرىدۇ.

لېكىن، سىلەر كوممۇنىستلار خوتۇن ئومۇملۇغىنى يۈرگۈزمەكچى بولىسىلەرغۇ، ــ بىرگە پۈتۈن بۇرژۇئازىيە بىردەك ئەنە شۇنداق دەپ ۋاقىرايدۇ.

بۇرژۇئازلار ئەسلىدە ئۆز خوتۇنىنى نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش قورالى دەپ قارايتتى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن ئومۇمەنىڭ پايدىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەن، تەبىي ھالدا، ئايالىلارنىڭ بېشىغىمۇ شۇ كۈن كېلىدۇ، دىگەن ئويغا كەلمەي قالمايدۇ.

گەپ دەل ئاياللارنىڭ نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش قورالى دەپ قارالغان ئورنىنى يوقىتىش توغرىسىدا بېرىۋاتقىنىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئەمەلدە، بىزنىڭ بۇرژۇئازلىرىمىزنىڭ سالاپەتلىك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كوممۇنىستلار رەسمىي خوتۇن ئومۇملۇغىنى يۈرگۈزمەكچى دىگەن نىمىدىن تەئەججۇپلىنىشىدىنمۇ ئارتۇق كۈلكىلىك ئىش يوق. خوتۇن ئومۇملۇغىنى كوممۇنىستلارنىڭ يۈرگۈزۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئەزەلدىن دىگۈدەك بولۇپ كەلگەن.

بىزنىڭ بۇرژۇئازلىرىمىز ئۆز پرولېتارلىرىنىڭ خوتۇن ۋە قىزلىرىنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولغانلىقىغا قانائەتلەنمەيدۇ، رەسمىي پاھىشەلەرنى ئېيتمايلا قويايلى، ئۇلار تېخى بىر بىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى

يولدىن ئازدۇرۇپ ئۇيىناشنى ئاجايىپ زور لەززەت دەپ بىلىدۇ.

بۇرژۇئازىيىچە نىكا ئەملىيەتتە خوتۇن ئومۇملۇغىدىن ئىبارەت. كىشىلەر ئەڭ كوپ دىگەندە كوممۇنىستلارنى، ساختا ۋە يوشۇرۇن خوتۇن ئومۇملۇغى ئورنىغا رەسمى ۋە ئاشكارا خوتۇن ئومۇملۇغىنى قويماقچى، دەپ ئەيىپلىيەلىشلا مۇمكىن. ئەمەلىدە، ئوز ئوزىدىن مەلۇمكى، هازىرقى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يوقلىشى ئارقىسىدا بۇنداق مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان خوتۇن ئومۇم-لۇغىمۇ يەنى رەسمى ۋە غەيرى رەسمى پاھىشىمۇ يوقلىپ كېتىدۇ.

يەنە بەزىلەر كوممۇنىستلارنى، ئۇلار ۋەتەننى يوققا چىقارماقچى، مىللەتنى يوققا چىقارماقچى، دەپ ئەيىپلەيدۇ.

ئىشچىلارنىڭ ۋەتىنى يوق. ئۇلارنى يوق نەرسىدىن مەھرۇم قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. پرولېتارىيات ئەڭ ئاۋال سىياسى ھوكۇمرانلىقنى قولغا كىرگۇزۇشى، مىللى سىنىپ① دەرىجىسىگە كوتىرىلىشى، ئوزىنى مىللەت قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم بولغان-لىغى ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئوزى ۋاقتىنچە مىللى بولىدۇ، گەرچە بۇ يەردە ئىيتىلىۋاتقان «مىللى» دىگەن سوز بۇرژۇئازىيىنىڭ چۇشىنىشى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولمىسىمۇ.

بۇرژۇئازىيىنىڭ تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا، سودا ئەركىنلىگى-نىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە دۇنيا بازىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئارقىسىدا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلى-دىغان تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بىردەك بولۇشقا يۈزلىنىشى ئارقىسىدا، ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مىللى ئايرىملىق

① «مىللى سىنىپ» دىگەن سوزلەر 1888-يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە «مىللى رەھبەرىي سىنىپ» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ۋە قارىمۇ - قارشىلىق كۈندىن - كۈنگە يوقىلىپ بارىدۇ.

پۈرولېتارىياتنىڭ ھوكۈمرانلىغى بۇلارنىڭ يوقىلىشىنى تېخىمۇ چاپسانلاشتۇرىدۇ. بىرلەشكەن ھەركەت، ھېچ بولمىغاندا، ھەرقايىسى مەدەنى مەملىكەتلەرنىڭ بىرلەشكەن ھەركىتى پۈرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىنىڭ ئەڭ موھىم شەرتلىرىدىن بىرى.

كىشىنىڭ كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغان ھامان، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ.

مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق يوقالغان ھامان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ.

دىن، پەلسەپە ۋە ئومۇمى ئاڭ شىكتەيى نۇقتىنەزىرىدىن كوممۇنىزىمغا قىلىنىۋاتقان خىلمۇ - خىل ئەيىپلەشلەر تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

كىشلەرنىڭ ئىدىيىسى، نۇقتىنەزىرى، چۈشەنچىسى، قىسقىسى، كىشلەرنىڭ ئېڭى كىشلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، كىشلەرنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى، كىشلەرنىڭ ئىجتىمائى مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە ئۆزگىرىدۇ، بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكمۇ؟

ئىدىيىلەر تارىخى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن بىللە ئۆزگەرتىلىدىغانلىغىنى ئىسپاتلىغاندىن باشقا يەنە نىمىنى ئىسپاتلىدى؟ ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ھوكۈمران ئىدىيىسى ھەرقاچان ھوكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسىلا بولۇپ كەلدى.

كىشىلەر پۈتۈن جەمىيەتنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇرىدىغان ئىدىيە ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇلار پەقەت بىر پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: كونا جەمىيەت ئىچىدە يېڭى جەمىيەتنىڭ ئامىللىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن بولىدۇ، كونا ئىدىيەلەرنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ قەدىمى كونا تۇرمۇش شارائىتىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ قەدىمى بىلەن بىردەك بولىدۇ.

قەدىمقى دۇنيا ھالاكەتكە يۈزتۇتقان چاغدا، قەدىمقى زاماندىكى ھەر خىل دىنلارنى خىرىستىيان دىنى يەڭگەن ئىدى. خىرىستىيان دىنى ئىدىيىلىرى 18 - ئەسىردە ئاقارتىش ئىدىيىلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇۋاتقان چاغدا، فېوداللىق جەمىيەت شۇ ۋاقىتلاردا ئىنقىلاۋىي بولغان بۇرژۇئازىيىگە قارشى جان تالىشىپ كۈرەش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئېتىقات ئەركىنلىگى ۋە دىن ئەركىنلىگى ئىدىيىلىرى ئەركىن رىقابەتنىڭ ئېتىقات ساھەسىدە[①] ھوكۇمران ئورۇننى تۇتىدىغانلىغىنىلا كۆرسىتىدۇ، خالاس.

«دۇرۇس»، — دەپ ئېيتىشى مۇمكىن بەزىلەر، — «دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى، سىياسى، ھوقۇقىي ۋە باشقا ئىدىيەلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ كەلگەن. بىراق، دىن، ئەخلاق، پەلسەپە، سىياسى ۋە ھوقۇقلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا بۇنداق ئۆزگىرىش ئىچىدە ھەرقاچان ساقلىنىپ كەلدى.

بۇلاردىن باشقا، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە شۇلارغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرمۇ بار، بۇ ھەقىقەتلەر جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرى ئۈچۈن ئورتاق. لېكىن كوممۇنىزم

---

① «ئېتىقات ساھەسىدە» دىگەن سۆزلەر 1872 -، 1883 - ۋە 1890 - يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «بىلىم ساھەسىدە» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرنى بىكار قىلىدۇ، ئۇ دىننى، ئەخلاقنى يېڭىلىمايدۇ، بەلكى بىكار قىلىدۇ، دېمەك، كوممۇنىزىم شۇ كەمگىچە ئۆتكەن پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا زىت كېلىدۇ.»

بۇنداق ئەيىپلەشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ شۇ كەمگىچە ئۆتكەن ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ كەلدى، ھالبۇكى، بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىق تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈكچە بولدى.

ئەمما، بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىق قانداق شەكىل ئالغان بولسۇن، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق پاكىت. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، ھەرقايسى ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائى ئاڭ خىلمۇ-خىل ۋە ناھايىتى كوپ پەرقلىق بولۇشىغا قارىماستىن، ھامان مەلۇم ئورتاق شەكىللەر ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ كەلدى، بۇ شەكىللەر[1]، بۇ ئاڭ شەكىللىرى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق تولۇق يوقالغان چاغدىلا تولۇق يوقىلىدۇ.

كوممۇنىستىك ئىنقىلاپ ئەنئەنىۋى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىن ئالاقىنى ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈش دېمەكتۇر؛ قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەردىن ئالاقىنى ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۈزىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بىز بۇرژۇئازىيىنىڭ كوممۇنىزىمغا قاراتقان تۈرلۈك ئەيىپلەشلىرىنى قويۇپ تۇرايلى.

---

[1] 1890-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە «بۇ شەكىللەر» دىگەن سوزلەر ئېلىۋېتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بىز يۇقۇرىدا كورۇپ ئوتتۇقكى، ئىشچىلار ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى قەدىمى پۇرولېتارىياتنى ھوكۇمران سىنىپ دەرىجىسىگە كوتىرىش، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۇرۇشتىن ئىبارەت.

پۇرولېتارىيات ئوزىنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىغىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەممە كاپىتالىنى قەدەممۇ-قەدەم تارتىۋالىدۇ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالىرىنى دولەتكە يەنى ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئويۇشقان پۇرولېتارىياتنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۇرىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنىڭ ئومۇمى مىقتارىنى مۇمكىن قەدەر چاپسانراق ئاشۇرىدۇ.

بۇنى ئورۇنلاش ئۇچۇن، ئەلۋەتتە، ھەممىدىن ئاۋال مۇلۇكچىلىك ھوقۇقلىرىغا ۋە بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە زورلۇق بىلەن ئارىلىشىپ، بۇنداق بەزى تەدبىرلەرنى كورۇش لازىم، بۇ تەدبىرلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن دىگەندەك تولۇق ئەمەستەك ۋە كۇچسىزدەك تۇرسىمۇ، لېكىن ھەركەت جەريانىدا ئۇلار ئوزىدىن ئېشىپ كېتىدۇ،① بەلكى پۇتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئوزگەرتىشنىڭ ۋاستىسى سۇپىتىدە كەم بولسا بولمايدۇ.

بۇ تەدبىرلەر تۇرلۇك مەملىكەتلەردە ئەلۋەتتە تۇرلۇكچە بولىدۇ.

بىراق، ئەڭ ئىلغار مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى كورۇشكە بولىدۇ.

1. يەر مۇلكىنى تارتىۋېلىش، يەر ئىجارىسىنى دولەت چىقىمى ئۇچۇن ئىشلىتىش.

---

① 1888-يىلدىكى ئېنگىلىزچە نەشرىدە بۇ يەرگە «كونا ئىجتىمائى تۇزۇمگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۇجۇم قىلىشنى زورۇرىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ» دىگەن سوزلەر قوشۇلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

2. يۇقۇرى نىسبەتلىك بولغان، دارامەتكە قاراپ ئېشىپ باردىغان باجنى يولغا قويۇش.

3. ۋارىسلىق هوقۇقىنى بىكار قىلىش.

4. بارلىق قاچقۇنلار ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش.

5. دولەت كاپىتالىغا ۋە يىگانە لۇڭدۇەن هوقۇقىغا ئىگە دولەت بانكىسى ئارقىلىق ئامانەت ـ قەرز ئىشلىرىنى دولەت قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش.

6. پۈتۈن ترانسپورتنى دولەت قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش.

7. دولەت ئىگىلىگىدىكى زاۋۇتلارنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى كوپەيتىش، ئومۇمى پىلان بويىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تۇپراقنى ياخشىلاش.

8. ئومۇميۈزلۈك بولغان ئەمگەك مەجبۇرىيىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، سانائەت ئارمىيىلىرىنى قۇرۇش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىگى جەهەتتە.

9. يېزا ئىگىلىگىنى سانائەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، شەهەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ[①] پەيدىن ـ پەي يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش[②].

---

① «قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ» دىگەن سوز 1872 ـ ، 1883 ـ ۋە 1890 ـ يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «پەرقىنىڭ» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

② 1888 ـ يىلدىكى ئېنگىلىزچە نەشرىدە، بۇ ماددا «يېزا ئىگىلىگىنى سانائەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش؛ ئاهالىنى مەملىكەتنىڭ هەممە يېرىگە تېخىمۇ تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى ئارقىلىق شەهەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىن ـ پەي يوقىتىش» دىيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

10. ھەممە باللار ئۇچۇن ئومۇمىي ۋە ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويۇش. باللارنىڭ زاۋۇتلاردا ھازىرقىدەك شەكىلدە ئەمگەك قىلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. مائارىپنى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە باشقىلار.

تەرەققىيات جەريانىدا، سىنىپىي پەرقلەر يوقتىلىپ، پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشكەن شەخسلەر قولىغا مەركەزلەشكەن چاغدا، ئامىمۋى ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى يوقىتىدۇ. ئەسلى مەنىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەت — بىر سىنىپ باشقا بىر سىنىپنى ئېزىدىغان تەشكىللىك زورلۇق كۈچ. ئەگەر، پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەشتە جەزمەن سىنىپ بولۇپ بىرلىشىدۇ، دېيىلسە، ئەگەر، ئۇ ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئۆزىنى ھۆكۈمران سىنىپقا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ھۆكۈمران سىنىپ سۈپىتىدە كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن يوقىتىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ ۋە سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنىمۇ يوقىتىدۇ①، شۇنىڭ بىلەن ئۆز سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ يوقىتىدۇ.

سىنىپ ۋە سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇرژۇئازىيە كونا جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى شۇنداق بىرلەشمە ئىگەللەي-

---

① «سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ ۋە سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنىمۇ يوقىتىدۇ» دېگەن سۆزلەر 1872-، 1883-ۋە 1890-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنى يوقىتىدۇ، سىنىپنىڭ ئۆزىنى يوقىتىدۇ» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

دۇكى، بۇ يەردە ھەر بىر كىشىنىڭ ئەركىن ئۇسۇشى ھەممە كىشىنىڭ ئەركىن ئۇسۇشىنىڭ شەرتى بولۇپ قالىدۇ.

## 3. سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەسەرلەر

### 1) ئەكسىيەتچىل سوتسىيالىزم

#### (ئا) فېئوداللىق سوتسىيالىزم

فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئاقسوڭەكلىرى ئۇزلىرىنىڭ تارىخى ئورنى يۇكلىگەن ۋەزىپىسى بويىچە ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان بولدى. فرانسىيىنىڭ 1830 ـ يىلدىكى ئىيۇل ئىنقىلاۋىدا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىدە ئۇلار بىردىنلا كوتىرىلگەن يىرگىنىشلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭدىن تارتىپ جىددى سىياسى كۇرەش توغرىسىدا سوز بولۇشى مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. ئۇلاردا يېزىق كۇرىشى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىلا قالغان ئىدى. ئەمما، يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ تىرىلىش دەۋرىدىكى① كونا مۇقامىلارنى تەكرارلاش مۇمكىن بولماي قالغان

① بۇ يەردە ئەنگلىيىنىڭ 1660 — 1689 ـ يىللاردىكى تىرىلىش دەۋرى ئەمەس، بەلكى فرانسىيىنىڭ 1814 — 1830 ـ يىللاردىكى تىرىلىش دەۋرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. (ئېنگېلسنىڭ 1888 ـ يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاھى)

ئىدى. ئۇزلىرىگە خەيرىخاھلىق قوزغاش ئۈچۈن، ئاقسۆڭەكلەر ئۆز مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بولمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك، پەقەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنىلا دەپ بۇرژۇئازىيىنى ئەيىپلەۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دەردىنى چىقىرىۋېلىش ۋاستىسى: ئۇزلىرىنىڭ يېڭى ھوكۇمرانلىرىنى قاغايدىغان قوشاقلارنى ئېيتىش ۋە ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە ۋەھىملىك سوزلەر بىلەن غوڭشۇپ قويۇش بولدى.

فېوداللىق سوتسىيالىزم ئەنە شۇنداق كېلىپ چىقتى، ئۇنىڭ يېرىمى ماتەم كۈيى، يېرىمى ھاقارەتنامە ئىدى؛ يېرىمى ئوتمۇشنىڭ ئەكس ساداسى، يېرىمى كەلگۈسىگە پوپوزا ئىدى؛ ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ ئاچچىق، كىنايىلىك ۋە جانغا تېگىدىغان پىكىرلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ تاشلايتتى، ئەمما ھازىرقى تارىخنىڭ جەريانىنى زادىلا چۈشىنەلمىگىنى ئۈچۈن ھەر دائىم كۈلكىگە قالاتتى.

خەلقنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، ئاقسۆڭەكلەر پرولېتارىياتنىڭ تىلەمچىلىك خالتىسىنى بايراق قىلىپ كوتىرىپ يۈرەتتى. ئەمما، خەلق ھەر قېتىم ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ساغرىسىدا كونا فېوداللىق تامغىلارنىڭ بارلىغىنى كورۈپلا، قاقاخلاپ كۈلۈپ تاراپ كېتەتتى.

بىر قىسىم فرانسىيە جېڭتوڭچىلىرى ۋە «ياش ئەنگلىيە»[28] ئەنە شۇ ئويۇننى ئويناپ چىقىشتى.

فېودالار ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ئۇسۇلىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ دېگىنىدە، پەقەت

ئۇزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە، ھازىر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئەھۋال ۋە شارائىت ئاستىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا ھازىرقى زامان-دىكى پرولېتارىيات ۋۇجۇتقا كەلمىگەن دېگىنىدە، پەقەت ھازىرقى زاماندىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بىراق، ئۇلار ئۆز تەنقىتلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل خاراكتېرىنى قىلچە يوشۇرمايدۇ، ئۇلار بۇرژۇئازىيىگە ئارتقان ئاساسىي جىنايەت دەل شۇ يەردىكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا پۈتۈن كونا ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ كۆلىنى كوككە سورۇۋېتىدىغان بىر سىنىپ راۋاج تاپىدۇ.

ئۇلار بۇرژۇئازىيىنى ئومۇمەن پرولېتارىياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى دەپ ئەيىپلىگەندىن كۆرە، ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى دەپ ئەيىپلىسە تۈزۈك بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسى ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىغا قارشى قوللىنىلىدىغان ھەممە زورلۇق تەدبىرلىرىگە قاتنىشىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك سوزلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىگىشىپ ئالتۇن ئالمىلارنى[1] تېرىۋالىدۇ ھەم ئىناۋەت، مېھرى-مۇھەببەت ۋە نام-ئاتاقنى قايرىپ قويۇپ، قوي يۇڭى، قىزىلچا ۋە ھاراق سودىسى بىلەن

---

[1] «ئالتۇن ئالمىلارنى» دېگەن سوزلەر 1888-يىلدىكى ئېنگىلىزچە نەشرىدە «سانائەت دەرىخىدىن توكۇلگەن ئالتۇن ئالمىلارنى» دېيىلگەن.— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بولۇپ كېتىدۇ①.

راھىپلار دائىم فېئوداللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىللە يۈرگىنىگە ئوخشاش، راھىپلار سوتسىيالىزىمىمۇ دائىم فېئوداللىق سوتسىيالىزىم بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىللە يۈرىدۇ.

خىرىستىيان جىنيۈيجۈيىسىغا سوتسىيالىستىك تۈس بېرىشتىنمۇ ئوڭاي ئىش يوق. خىرىستىيان دىنىمۇ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىككە، نىكاغا، دولەتكە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىغا ساخاۋەت ۋە تىلەمچىلىكنى، بويتاقلىق ۋە نەپسىنى يىغىشنى، دەرۋىشلىك ۋە ئىبادەتكويلۇقنى قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ خىرىستىيان② سوتسىيالىزىمى راھىپلار ئاقسوڭەكلەرنىڭ قەھرى-غەزىۋىنى مۇقەددەسلەشتۇرۇشتە ئىشلىتىدىغان زەمزەمدىنلا ئىبارەت، خالاس.

---

① بۇ يەردە ئاساسەن گېرمانىيە كوزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ يەردە يەر-زېمىن ئاقسوڭەكلىرى ۋە يۈنكىر پومىششىكلار ئوز يەرلىرىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى ئوز باشقۇرغۇچىلىرى ئارقىلىق ئوز ئالدىغا باشقۇرىدۇ، ئۇلار يەنە چوڭ-چوڭ قىزىلچا قەنت زاۋۇتلىرى ۋە ياكيۇ ھارىغى زاۋۇتلىرىنىمۇ قۇرغان. ھاللىقراق بولغان ئەنگلىيە ئاقسوڭەكلىرى تېخى بۇنداق دەرىجىگە چۈشۈپ قالمىغان؛ لېكىن، ئۇلارمۇ قانداق قىلىپ خېلى شۈبھىلىك ھەسسىدارلىق گۇڭسىلىرىنى ئوز ناملىرىدا باشقىلارغا قۇرغۇزۇپ، توۋەنلىگەن يەر ئىجارىسىنىڭ ئورنىنى قاپلاشنى بىلىدۇ. (ئېنگېلسنىڭ 1888-يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاھى)

② 1848-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە «مۇقەددەس ۋە بۇگۇنكى» دېيىلگەن، 1872-، 1883- ۋە 1890-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «خىرىستىيان» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

## (ب) ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزمى

فېودال ئاقسوڭەكلەر بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان، ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە تۇرمۇش شارائىتى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان ۋە يوقىلىپ بېرىۋاتقان بىردىن-بىر سىنىپ ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ۋە ئۇششاق دېھقانلار تەبىقىسى-ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەكتى. سانائەت ۋە سودا ئانچە تەرەققىي قىلمىغان مەملىكەتلەردە بۇ سىنىپ يېڭى گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ يېنىدا شۇ كەمدىمۇ ئاران-ئاران كۈن كەچۈرمەكتە.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى راۋاجلانغان مەملىكەتلەردە بىر يېڭى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە شەكىللەندى، ئۇ پۇرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇرماقتا ھەمدە بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ قوشۇمچە قىسمى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا قايتىدىن تەشكىللەنمەكتە. ئەمما، بۇ سىنىپنىڭ ئەزالىرى دائىم رىقابەت تەرىپىدىن پۇرولېتارىيات قوشۇنى قاتارىغا تاشلىنىپ تۇرىدۇ، بەلكى يىرىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مۇستەقىل بىر قىسمى بولۇپ تۇرۇش ئورنىدىن ناھايىتى تېزلا تامامەن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى نازارەتچىلەر ۋە ياللانما خىزمەتچىلەر ناھايىتى تېزلا ئىگىلەپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىۋالىدۇ.

ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن تولىسىنى دېھقانلار سىنىپى تەشكىل قىلىدىغان مەملىكەتلەردە، مەسىلەن، فرانسىيىدە پۇرولېتارىيات

تەرىپىدە تۇرۇپ بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرغان يازغۇچىلارنىڭ بۇرژۇئا تۈزۈمىنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق دىخان مىزانى بىلەن پىپەن قىلىشى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇپ ئىشچىلار ئۈچۈن سوز قىلىشى تەبىي ئىدى. ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزمى ئەنە شۇ تەرىقىدە پەيدا بولدى. سىسموندى ئەنە شۇ ئىلمىي ئېقىمنىڭ باشلىغى ئىدى، فرانسىيە ئۈچۈن شۇنداق، ئەنگلىيە ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

بۇنداق سوتسىيالىزم ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى راسا ئوبدان تەھلىل قىلدى. ئۇ ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ ساختىپەزلىك بىلەن قىلغان پەدەزلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ ماشىنا ۋە ئىش تەقسىماتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق رولىنى، كاپىتال ۋە يەر مۈلكىنىڭ توپلىنىشىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىغىنى، ۋېيجىلارنى، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە ئۇششاق دىخانلارنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولۇشىنى، پرولېتارىياتنىڭ نامراتلىغىنى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنى، بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدىكى ئىنتايىن تەكشىسىزلىكنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خاراپ قىلغۇچ سانائەت ئۇرۇشلىرىنى ھەمدە كونا يوسۇنلار، كونا ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر ۋە كونا مىللى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

لېكىن، بۇنداق سوتسىيالىزم، ئۆزىنىڭ ئىجابى مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، ياكى كونا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، شۇنىڭ بىلەن كونا مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىنى ۋە كونا جەمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، ياكى ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش

ۋاستىلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئۇلار تەرىپىدىن بۇزۇلغان بەلكى بۇزۇلۇشى مۇقەررەر بولغان كونا مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ رامكىسىغا يېڭىۋاشتىن زورلاپ كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇ بۇ ئىككى خىل ھالىنىڭ ئىككىلىسىدە ئەكسىيەتچىل، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە خىيالى.

سانائەتتىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمى، يېزا ئىگىلىكىدىكى زۇڭفالىق ئىگىلىك، — ئۇنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى ئەنە شۇ.

بۇ ئىدىيىۋى ئېقىم ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا بىر خىل قورقۇنچاقلىق نالىسىغا ئايلىنىپ قالدى①.

### (ۋ) گېرمانىيە سوتسىيالىزمى ياكى «ھەقىقى» سوتسىيالىزم

فرانسىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەسەرلىرى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان بۇرژۇئازىيىنىڭ زۇلمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ھەمدە بۇنداق ھوكۇمرانلىققا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ يېزىقچە ئىپادىسى بولغان ئىدى، بۇنداق ئەسەرلەر گېرمانىيىگە كۆچۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇ يەردىكى بۇرژۇئازىيە فېودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى كۈرەشنى ئەمدىلا باشلىغان ئىدى.

گېرمانىيە پەيلاسوپلىرى، يېرىم پەيلاسوپلىرى ۋە ئۇلىمالىرى

---

① 1888-يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە بۇ جۈملە «ئاخىردا، كۈچلۈك تارىخىي پاكىتلار ئۆز ئۆزىنى ئالدايدىغان ھەممە شىرىن خىياللارنى چېقىۋەتكەن چاغدا، بۇنداق شەكىلدىكى سوتسىيالىزم بىر خىل ئېچىنارلىق قايغۇ-ھەسرەتكە ئايلىنىپ قالدى» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بۇنداق ئەسەرلەرگە ئاچكوزلۇك بىلەن ياماشتى، لېكىن ئۇلار بۇنداق ئەسەرلەر فرانسىيەدىن گېرمانىيەگە كۆچۈرۈلگەن چاغدا فرانسىيەنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىللە كۆچۈرۈلمىگەنلىكىنى يادىدىن چىقىرىپ قويدى. گېرمانىيە شارائىتىدا فرانسىيە ئەسەرلىرى بىۋاستە ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى تامامەن يوقىتىپ، ساپ ئەسەر شەكلىگىلا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ مۇقەررەر رەۋىشتە ھەقىقى جەمىيەت توغرىسىدىكى[1]، ئىنسانىي ماھىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى بولمىغۇر ئوي-پىكىر بولۇپ ئىپادىلەندى[2]. شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەلەپلىرى 18 - ئەسىردىكى گېرمانىيە پەيلاسوپلىرىغا ئومۇمەن «ئەمەلىي ئەقىل» تەلەپلىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئىنقىلاۋىي فرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى بولسا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت ساپ ئىرادە، ئەسلى تۇستىكى ئىرادە ۋە چىن ئىنسان ئىرادىسى قانۇنىيىتى ئىدى.

گېرمانىيە يازغۇچىلىرىنىڭ بىردىن-بىر ئىشى يېڭى فرانسىيە ئىدىيىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كونا پەلسەپىۋى ۋىجدانلىرى بىلەن كېلىشتۈرۈش بولدى، ياكى، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، فرانسىيە ئىدىيىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىنەزەرلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىگەللەش بولدى.

---

[1] 1872 -، 1883 - ۋە 1890 - يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «ھەقىقى جەمىيەت توغرىسىدىكى» دىگەن سوزلەر ئېلىۋېتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

[2] 1888 - يىلدىكى ئىنگىلىزچە نەشرىدە بۇ جۈملە يوق. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بۇنداق ئىگەللەش، خۇددى چەت تىلنى ئىگەللەشتەك، تەرجىمە ئارقىلىق بولدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، كاتولىك راھىپلىرى قەدىمقى دەۋردىكى باشقا دىنلارنىڭ كىتاپلىرىنىڭ كوچۇرمىلىرى ئۈستىگە كاتولىك ئەۋلىيالىرىنىڭ مەنىسىز تەرجىمىھالىرىنى يېزىپ قويىاتتى. گېرمانىيە يازغۇچىلىرى فرانسىيىنىڭ دەھرى ئەسەرلىرىگە ئەكسىچە پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار فرانسىيىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنىڭ ئاستىغا ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپۋى سەپسەتىلىرىنى يېزىپ قويدى. مەسىلەن، ئۇلار فرانسىيىنىڭ پۇل مۇناسىۋەتلىرى پىپەن قىلىنغان ئەسلى ئەسەرلىرىنىڭ ئاستىغا «ئىنسانىي ماھىيەتنى چەتلەشتۈرۈش (Entäußerung)» دەپ يېزىپ قويدى، فرانسىيىنىڭ بۇرژۇئازىيە دۆلىتى پىپەن قىلىنغان ئەسلى ئەسەرلىرىنىڭ ئاستىغا «چۇشىياك ئومۇملۇقنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى بىكار قىلىش» دىگەن نىمىلەرنى يېزىپ قويدى ۋە باشقىلار.

ئۇلار فرانسىيە نەزىرىيىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپۋى ئىبارىلىرىنى مۇشۇنداق زورمۇ-زور كىرگۈزۈشنى «ھەركەت پەلسەپىسى»، «ھەقىقى سوتسىيالىزىم»، «گېرمانىيە سوتسىيالىزىم ئىلمى»، «سوتسىيالىزىمنىڭ پەلسەپۋى ئىسپاتى» دەپ ئاتىدى ۋە باشقىلار.

فرانسىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەسەرلىرى شۇنداق قىلىپ تامامەن پۇچەكلەشتۈرۈپ قويۇلدى. بۇنداق ئەسەرلەر نېمىسلارنىڭ قولىدا بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپقا قارشى كۈرىشىنى ئىپادە قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن نېمىسلارنىڭ قارىشىچە: ئۇلار ئۆزلىرى «فرانسۇزلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىگى»نى يەڭگەن بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى چىن تەلەپكە ئەمەس،

ھەقىقەت تەلۋىسگە ۋەكىللىك قىلغان، پۈرولىېتارلار مەنپەئەتىگە ئەمەس، ئىنسانىي ماھىيەت مەنپەئەتىگە يەنى ئومۇمەن ئادەمنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان بولىدۇ، بۇنداق ئادەمھېچقانداق سىنىپقا مەنسۇپ بولمايدۇ، رىيال دۇنيادا ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تۇمانلىق پەلسەپىۋى خىياللار ئاسمىنىدىلا مەۋجۇت.

ئەمدى، ئۇزلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشلىگەن قاملاشمىغان تاپشۇرۇقتەك بىرنىمىسگە ئىنتايىن جىددى قارىغان ھەمدە ئۇنى پو ئېتىپ ماختىغان بۇنداق گېرمانىيە سوتسىيالىزىمى ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك كورستىدىغان ساددىلىقنى بارا - بارا يوقاتتى.

گېرمانىيە خۇسۇسەن پرۇسسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ فېوداللارغا ۋە پادىشالىق مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرىشى، قىسقىسى، زىيۇجۇ-يىلىق ھەركەت بارغانسىرى جىددىلەشتى.

شۇنداق قىلىپ، «ھەقىقى» سوتسىيالىزىم ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك تەلەپلەرنى سىياسى ھەركەتلەر بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويدى، غەيرى، سەپسەتىلەرنى قاغاي-دىغان ئەنئەنىۋى چارە بىلەن زىيۇجۇيىنى، ۋاكالەت تۈزۈمىدىكى دولەتنى، بۇرژۇئا رىقابىتى، بۇرژۇئا مەتبۇئات ئەركىنلىگى، بۇرژۇئا ھوقۇقى، بۇرژۇئا ئەركىنلىگى ۋە باراۋەرلىگىنى قاغىدى ھەمدە خەلق ئاممىسىغا قانداقتۇ، بۇ بۇرژۇئا ھەركىتىدە خەلق ئاممىسى ھېچنىمىگە ئىگە بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە **ھەممىدىن** مەھرۇم بولىدۇ، دەپ ھە دەپ تەرغىپ قىلدى. گېرمانىيە سوتسىيالىزىمى دەل شۇنى ئۇنتۇپ قالدىكى، فرانسىيە پىپەنى (گېرمانىيە سوتسىيالىزىمى بۇنداق پىپەنىنىڭ ھالسىز ئەكس ساداسى ئىدى) ھازىرقى زامان

بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ ماددى تۇرمۇش شارائىتى ۋە مۇۋاپىق سىياسى تۈزۈمنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، بۇ ھەممە ئالدىنقى شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا شۇ چاغدا گېرمانىيىدە دەل زورۇر ئىدى.

بۇنداق سوتسىيالىزىم گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى شىتات مۇستەبىت ھوكۇمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى — راھىپلار، ئوقۇتقۇچىلار، يۇنكىر پومىششىكلار ۋە گۇەنلىياۋلارنىڭ قاتتىق خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنى قورقۇتىدىغان تېپىلماس قارانچۇغى بولۇپ قالدى.

بۇنداق سوتسىيالىزىم بۇ ھوكۇمەتلەر گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان زەھەرلىك قامچىنىڭ ۋە مىلتىق ئوقلىرىنىڭ شىرىن قوشۇمچىسى ئىدى.

«ھەقىقى» سوتسىيالىزىم شۇنداق قىلىپ بۇ ھوكۇمەتلەرنىڭ گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىگە ناقابىل تۇرىدىغان قورالى بولۇپ قالغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇ بىر خىل ئەكسىيەتچىل مەنپەئەتكە يەنى گېرمانىيە مىشچانلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە ۋەكىللىك قىلىدۇ. گېرمانىيىدە 16 - ئەسىردىن مىراس بولۇپ قالغان ۋە شۇنىڭدىن بېرى دائىم تۈرلۈك شەكىللەردە قايتىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ ھەقىقى ئىجتىمائى ئاساسى.

بۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنى ساقلاپ قېلىش گېرمانىيىدىكى مەۋجۇت تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش دىگەن سۆز. بۇ سىنىپ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا بۇرژۇئازىيىنىڭ سانائەت ھوكۇمرانلىغى ۋە سىياسى ھوكۇمرانلىغىدىن ئۆزىنىڭ مۇقەررەر ھالاكىتىنى كۈتۈپ

تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەۋى، بىر تەرەپتىن، كاپىتالىنىڭ توپلىنىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىياتنىڭ ئۆسۈشى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ھەقىقى» سوتسىيالىزىم بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش رولىنى ئوينىيالايتتى. «ھەقىقى» سوتسىيالىزىم ۋابادەك تارقىلىپ كەتتى.

گېرمانىيە سوتسىيالىزىمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ئەبگا «مەڭگۈلۈك ھەقىقەت»لىرىگە ئوي - پىكىرنىڭ ئۇمچۇك تورلىرىدىن توقۇلغان، چىرايلىق سوز چېچەكلىرى بىلەن كەشتىلەنگەن ۋە شىرىن كەۋسەر سۈيىگە چىلانغان بىر تون كىيگۈزدىكى، بۇ يالىتىراپ تۇرىدىغان تون پەقەت ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بۇ خېرىدارلار ئارىسىدا بازىرىنى چىقىرىدۇ، خالاس.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېرمانىيە سوتسىيالىزىمىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى شۇ مىشچانلارنىڭ داغدۇغىلىق ۋەكىلى بولۇش ئىكەنلىكىنى بارغانسىرى تونۇۋالدى.

ئۇ نېمىس مىللىتىنى نەمۇنىلىك مىللەت، گېرمانىيە مىشچانلىرىنى نەمۇنىلىك ئىنسان دەپ جاكالىدى. ئۇ بۇ مىشچانلارنىڭ ھەر بىر پەسكەشلىكىگە سىرلىق، ئالىجاناپلىق، سوتسىيالىستىك دىگەن مەنىنى بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇ ئاخىرغىچە قاتتىق تۇرۇپ، كوممۇنىزىمنىڭ «ۋەھشىيانە بۇزغۇنچىلىق» خاھىشىغا توغرىدىن - توغرا قارشى چىقىپ كەلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ خالىس ھالدا ھەرقانداق سىنىپىي كۇرەشتىن خالى تۇرىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ھازىر گېرمانىيىدە تارقىلىپ يۈرگەن بارلىق ئاتالمىش سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەسەرلەر، ناھايىتى ئاز ساندىكىسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، شۇ

رەزىل - ئىپلاس ۋە ئادەمنى چۆشكۈنلەشتۈرىدىغان ئەسەرلەرگە كىرىدۇ.[1]

## 2) باۋشۇلۇق سوتسىيالىزىم ياكى بۇرژۇئا سوتسىيالىزمى

بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، **ئىجتىمائى ئىللەتلەرنى** تۈگەتمەكچى بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىگە: ئىقتىساتشۇناسلار، ۋاپادارلار، ئىنسانپەرۋەرلەر، ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغۇچىلار، خەيرىيەت ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار، ھايۋاناتلارنى قوغداش جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى، ئىچىملىكلەرنى مەنئى قىلىش ھەركىتى جەمىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ۋە ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىسلاھاتچىلار كىرىدۇ. بۇنداق بۇرژۇئا سوتسىيالىزمى ھەتتا پۈتۈن - پۈتۈن تىشى قىلىپ چىقىلدى.

مىسال ئۈچۈن پرۇدوننىڭ «نامراتلىق پەلسەپىسى»نى ئېلىشىمىز مۇمكىن.

سوتسىيالىست بۇرژۇئازلارغا ھازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ ياشاش شارائىتلىرى كېرەك، لېكىن بۇ شارائىتلاردىن مۇقەررەر

---

[1] 1848 - يىلدىكى ئىنقىلاپ بورىنى بۇ قەبىھ ئېقىمنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى ھەمدە بۇ ئېقىم ۋەكىللىرىنى ئەمدى سوتسىيالىزىم بىلەن پۈرسەتپەرەسلىك قىلىشقا قىزىقمايدىغان قىلىپ قويىدى. بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى ۋە تىپىك ئادىمى كارل گرىيۈن ئەپەندى ئىدى. (ئېنگېلسنىڭ 1890 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى)

كېلىپ چىقىدىغان كۈرەش ۋە خەۋپ - خەتەرلەر كېرەك ئەمەس. ئۇلارغا هازىرقى جەمىيەت كېرەك، لېكىن بۇ جەمىيەتنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇرىدىغان ۋە پارچىلاپ تاشلايدىغان ئامىللار كېرەك ئەمەس. ئۇلارغا بۇرژۇئازىيە كېرەك، لېكىن پرولېتارىيات كېرەك ئەمەس. بۇرژۇئازىيىگە ئۇنىڭ ئۆزى هوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان دۇنيا ئەڭ ياخشى دۇنيا بولۇپ كۆرۈنۈشى تەبىي. بۇرژۇئا سوتسىيالىزمى ئادەمنى بەزلەيدىغان بۇنداق ئىدىيىنى يېرىم ياكى پۈتۈن بىر تىشى قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ پرولېتارىياتتىن ئۆزىنىڭ شۇ تىشىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ۋە يېڭى قۇددۇسقا كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمەلدە ئۇ پەقەت پرولېتارىياتنىڭ هازىرقى جەمىيەتتە قېلىۋېرىشىنى لېكىن بۇ جەمىيەت توغرىسىدىكى قەبىھ ئىدىيىلىرىدىن ۋازكېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇنداق سوتسىيالىزىمنىڭ ئانچە سىستېمىلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمىلىيرەك بولغان يەنە بىر خىل شەكلى ئىشچىلار سىنىپىنى بارلىق ئىنقىلاۋىي هەركەتتىن بىزار قىلىشقا كۆچەپ ئۇرۇنۇپ، ئىشچىلار سىنىپىغا پايدا يەتكۈزىدىغىنى ئۇنداق ياكى بۇنداق سىياسى ئىسلاھات ئەمەس، بەلكى پەقەت ماددى تۇرمۇش شارائىتى يەنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، دەپ دەۋا قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداق سوتسىيالىزىم چۈشەنگەن ماددى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى هەرگىز ئىنقىلاۋىي يول بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يوقىلىشى ئەمەس، بەلكى بەزىبىر مەمۇرى جەھەتتىكى ياخشىلاشتىن ئىبارەت، بۇ ياخشىلاش بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا بولىدۇ، شۇڭا، كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قىلچە

ئۆزگەرتمەيدۇ، كوپ بولغاندا پەقەت بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانـ
لىغىنىڭ خىراجەتلىرىنى ئازايتىدۇ ۋە ئۇنىڭ دولەت مەمۇرى
ئىشلىرىنى ئاددىلاشتۇرىدۇ.

بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمى پەقەت ساپ نۇتۇق ئىبارىلىرىگە
ئايلانغان چاغدىلا، ئۇزىنىڭ مۇۋاپىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئەركىن سودا! ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن؛
قوغدىنىش چېگرا بېجى! ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن؛
يالغۇز كىشىلىك قاماقخانا! ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى
ئۈچۈن. — بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمىنىڭ بىردىن ـ بىر ئىخلاس بىلەن
ئېيتقان ئاخىرقى سوزى ئەنە شۇ.

بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمى يىغىپ كەلگەندە مۇنداق بىر ھوكۇمدىن
ئىبارەت: بۇرژۇئازلارنىڭ بۇرژۇئاز بولۇشى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
مەنپەئەتى ئۈچۈن.

## 3) پىپەنلىك ـ خىيالىي سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم

بىز بۇ يەردە ھازىرقى زاماندىكى ھەممە زور ئىنقىلاپلاردا
پرولېتارىياتنىڭ تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەر (بابېف
قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى) توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ئومۇميۈزلۈك ھاياجانلىنىش دەۋرىدە، فېوداللىق جەمىيەتنى
ئاغدۇرۇش مەزگىلىدە پرولېتارىياتنىڭ ئوز سىنىپىي مەنپەئەتىنى
توغرىدىن ـ توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قىلغان دەسلەپكى
مەشقلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن خالى بولالمىدى، بۇ ئۇ چاغدا
پرولېتارىياتنىڭ ئوزى تېخى يېتەرلىك تەرەققى قىلمىغانلىقىدىن،

پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىققا چىقىشىنىڭ ماددى شارائىتلىرى تېخى ھازىرلانمىغانلىقىدىن بولدى، بۇ شارائىتلار بۇرژۇئازىيە دەۋرىنىڭلا مەھسۇلى بولىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ بۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھەركەتلىرى ئارقىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىنقىلاۋىي ئەسەرلەر، مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئەكسىيەتچىل بولۇشى مۇقەررەر. بۇنداق ئەسەرلەر ئومۇمى جىنىۇيجۇيى ۋە قوپال تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەسلى مەنىدىكى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم تىشلىرى، سېن ـ سىمون، فۇرىيې، ئوۋېن قاتارلىقلارنىڭ تىشلىرى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخى راۋاجلانمىغان دەسلەپكى مەزگىلدە مەيدانغا كەلدى. بۇ مەزگىل توغرىسىدا يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتتۇق («بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىيات»قا قارالسۇن).

دۇرۇس، بۇ تىشلارنىڭ كەشپىياتچىلىرى سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقنى، ھوكۇمران جەمىيەت ئىچىدىكى بۇزغۇنچىلىق ئامىللىرىنىڭ رولىنى كورگەن ئىدى. لېكىن، ئۇلار پرولېتارىيات تەرىپىدە بولىدىغان ھەرقانداق تارىخىي جۇدۇۇڭلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ئوزىگە خاس ھەرقانداق سىياسى ھەركەتنى كورەلمىدى.

سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ تەرەققىيات قەدىمى سانائەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمى بىلەن بىردەك بولغاچقا، بۇ كەشپىياتچىلارنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئازاتلىققا چىقىشىنىڭ ماددى شارائىتلىرىنىمۇ كورەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ شارائىتلارنى يارىتىش ئۇچۇن، مەلۇم ئىجتىمائى پەن ۋە ئىجتىمائى قانۇنىيەتلەرنى ئىزلەيدۇ.

ئۇنداق بولغاندا، ئىجتىمائى پائالىيەتنىڭ ئورنىنى ئۇلارنىڭ شەخسى كەشپىيات پائالىيىتى ئىلىشى، ئازاتلىققا چىقىشنىڭ تارىخي شارائىتىنىڭ ئورنىنى خىيالىي شارائىت ئىلىشى، پۇرولېتارىياتنىڭ پەيدىن-پەي سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشۇشىنىڭ ئورنىنى ئۇلارنىڭ ئوزلىرى ئالاھىدە لايىھىلەپ چىققان ئىجتىمائى تەشكىلات ئىلىشى لازىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيا تارىخى پەقەت ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى پىلانلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش تارىخى بولىدۇ.

دۇرۇس، ئۇلارمۇ ئوزلىرىنىڭ پىلانلىرىنى ئاساسەن ئىشچىلار سىنىپىدىن ئىبارەت ھەممىدىن بەك ئازاپ چېكىۋاتقان سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ چۇشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، پۇرولېتارىيات پەقەت ھەممىدىن بەك ئازاپ چېكىۋاتقان بىر سىنىپ.

بىراق، سىنىپىي كۇرەشنىڭ راۋاجلانمىغانلىغى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئوزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئورنى سەۋەبىدىن، ئۇلار ئوزلىرىنى شۇ سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقتىن ناھايىتى خالى دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇلار جەمىيەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ ھەتتا تۇرمۇشى ئەڭ باياشات ئەزالىرىنىڭمۇ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلىماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار ھەمىشە پەرقسىز ھالدا پۇتۇن جەمىيەتكە يەنە كېلىپ ئاساسەن ھوكۇمران سىنىپقا مۇراجەت قىلىدۇ. ئۇلارچە بولغاندا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ تىشىسىنى چۇشىنىۋالىدىغانلا بولسا، بۇنداق تىشىنى ئەڭ ياخشى جەمىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى پىلانى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار بارلىق سىياسى پائالىيەتلەرنى بولۇپمۇ بارلىق ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرنى رەت قىلىدۇ؛ ئۇلار ئوز مەقسىدىگە

تېچ يول بىلەن يەتمەكچى بولىدۇ ھەمدە ئۇششاق ـ چۈششەك ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانمايدىغانلىقى مۇقەررەر سىناقلار ئارقىلىق، ئۇلگە كۆرسىتىشىنىڭ كۈچى ئارقىلىق يېڭى ئىجتىمائى ئىنجىلغە يول ئاچماقچى بولىدۇ.

كەلگۈسى جەمئىيەتنى بۇنداق خىيالىي سۈرەتلەش پرولېتارىيات تېخى بەكمۇ تەرەققى قىلمىغان، شۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېخى خام خىيال بىلەن چۈشىنىۋاتقان چاغلاردا، پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى، تەبىى ئىنتىلىشىدىن چىققان ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ①.

لېكىن بۇ سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەسەرلەردە پىپەن تەركىۋىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەر مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئاساسلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇڭا، ئۇلار ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بەردى. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىجابى تەشەببۇسلىرى②، مەسىلەن، شەھەر

---

① «پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى، تەبىى ئىنتىلىشىدىن چىققان ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ» دىگەن سوزلەر 1872 ـ ، 1883 ـ ۋە 1890 ـ يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى، تەبىى ئىنتىلىشىدىن ئارزۇسىدىن پەيدا بولىدۇ» دىيىلگەن. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

② «ئۇلارنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىجابى تەشەببۇسلىرى» دىگەن سوزلەر 1888 ـ يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدە «ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەلىي تەدبىرلىرى» دىيىلگەن. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقنى[1] يوقىتىش، ئائىلىنى يوقىتىش، خۇسۇسى ئوقەتنى يوقىتىش، ياللانما ئەمگەكنى يوقىتىش، ئىجتىمائى ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، دولەتنى نوقۇل ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇرۇش، — مانا مۇشۇ تەشەببۇسلىرىنىڭ ھەممىسى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى يوقاتماقچى بولغانلىقىنىلا كورسىتىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق ئۇ ۋاقىتتا تېخى ئەمدىلا راۋاجلىنىشقا باشلىغان ئىدى ۋە ئۇلارغا بۇ قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ پەقەت دەسلەپكى، ئېنىق بولمىغان، مۇئەييەنلەشمىگەن شەكلىلا مەلۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ تەشەببۇسلارنىڭ ئوزى تېخى ساپ خىيالىي خاراكتېر ئالغان.

پىپەنلىك - خىيالىي سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمنىڭ ئەھمىيىتى تارىخىي تەرەققىياتقا تەتۇر تاناسىپ بولىدۇ. سىنىپىي كۇرەش راۋاجلانغانسىرى ۋە مۇئەييەن شەكىل ئالغانسىرى سىنىپىي كۇرەشتىن خالى بۇنداق خام خىياللار، سىنىپىي كۇرەشكە قارشى بۇنداق خام خىياللار ئوزىنىڭ ھەرقانداق ئەمىلىي ئەھمىيىتىنى ۋە ھەرقانداق نەزىرىيىۋى ئاساسىنى يوقىتىپ قويىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ تىشلارنىڭ ئاساسچىلىرى كوپ تەرەپتىن ئىنقىلاۋىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ھەرقاچان ئەكسىيەتچى مەزھەپ بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. بۇ مۇرىتلار پۇرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشىدىن كوز يۇمۇپ، ئوز ئۇستازلىرىنىڭ كونا نۇقتىنەزەرلىرىگە قاتتىق ئېسىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار ئىزچىل رەۋىشتە

[1] «شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقنى» دىگەن سوزلەر 1888 - يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىدە «شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى» دېيىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

سنىپىي كۇرەشنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا، قارىمۇ ـ قارشىلىقنى كېلىش‐تۈرۈشكە ئۇرۇندۇ. ئۇلار ھېلىمۇ ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى خىياللىرىنى سىناق قىلىپ كورۇش چارىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇ‐رۇشنى، يەككە فالانستېرلارنى قۇرۇش، ئىچكى كوچمەنلەر رايونى قۇرۇش، كىچىك ئىكارىيە① يەنى كىچىك نۇسخىلىق يېڭى قۇد‐دۇس قۇرۇشنى خىيال قىلىدۇ، ــ ھالبۇكى، مۇشۇ بارلىق مۇئەللەق راۋاقلارنى قۇرۇش ئۇچۇن، ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ ياخشى نىيىتىگە ۋە چەندازىسىغا مۇراجەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار تەدرىجى ھالدا چۇشكۇنلىشىپ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەكسىيەتچى ياكى باۋشۇ سوتسىيالىزىمچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلاردىن پەرقى پەقەتلا ئۇلارنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ شىتۇڭلۇق ھالدا كوز ـ كوز قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى ئىجتىمائى پەنلىرىنىڭ موجىزە كورستەلىشىگە تېخىمۇ تەلۋىلەرچە ئىشىنىشى.

شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار ئىشچىلارنىڭ سىياسى ھەركەتلىرىنى پەقەت يېڭى ئىنجىلگە قارغۇلارچە ئىشەنمەسلىك ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ دەپ، بۇ ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ.

---

① فالانستېر ــ شار فۇرىيې لايىھىلىگەن سوتسىيالىستىك كوچمەنلەر رايونى؛ ئىكارىيە ــ كابې ئۆزىنىڭ غايىۋى مەملىكىتىگە ۋە كېيىنرەك ئامېرىكا قىتئەسىدە قۇرغان كوممۇنىستىك كوچمەنلەر رايونىغا قويغان نام. (ئېنگېلسنىڭ 1888 ـ يىلدىكى ئېنگلىزچە نەشرىگە ئىزاھى)

ئىچكى كوچمەنلەر رايونى ــ ئوۋېن ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك كوممۇنىستىك جەمىيىتىگە قويغان نام. فالانستېر ــ فۇرىيې لايىھىلىگەن ئىجتىمائى سارايىنىڭ نامى. ئىكارىيە ــ كابې سۇرەتلىگەن كوممۇنىستىك تۈزۈمدىكى ئۇتوپىك خىيالىي مەملىكەت. (ئېنگېلسنىڭ 1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى)

ئەنگلىيەدە ئوۋېنىزىمچىلار شيەنجاڭچىلارغا قارشى تۇرىدۇ، فرانسىيەدە فۇرىيېزىمچىلار ئىسلاھاتچىلارغا[29] قارشى تۇرىدۇ.

## 4. كوممۇنىستلارنىڭ ھەر خىل قارشى پارتىيە-گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى

ئىككىنچى باپنى كورۇپ چىققاندىن كېيىن، كوممۇنىستلارنىڭ شەكىللىنىپ بولغان ئىشچىلار پارتىيىلىرىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە شيەنجاڭچىلىرىغا ۋە شىمالىي ئامېرىكا يەر ئىسلاھاتچىلىرىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنىمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

كوممۇنىستلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يېقىنقى مەقسىدى ۋە مەنپەئەتى يولىدا كۈرەش قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار نوۋەتتىكى ھەرىكەتتە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرىكەتنىڭ كېلەچىكىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. فرانسىيەدە كوممۇنىستلار باۋشۇ ۋە رادىكال بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇشتا سوتسىيالىستىك-دېموكراتىك پارتىيە① بىلەن

① شۇ چاغلاردا بۇ پارتىيىنىڭ يىخۇيدىكى ۋەكىلى لېدرۇ-روللىن، يازغۇچىلار ساھەسىدىكى ۋەكىلى لۇئى بلان، گېزىتچىلىك جەھەتتىكى ۋەكىلى «ئىسلاھات گېزىتى» ئىدى. «سوتسىيالىستىك-دېموكراتىك پارتىيە» دېگەن نام ئۇزىنىڭ كەشپىياتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ياكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى ئاز-تولا سوتسىيالىستىك تۈس ئالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئىدى. (ئېنگېلسنىڭ 1888-يىلدىكى ئېنگلىزچە

بىرلىشىدۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن، ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەر-دىن تۇغۇلغان قۇرۇق گەپ ۋە خام خىياللارغا پىپەن قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇش ھوقۇقىدىن ۋازكەچمەيدۇ.

شۋېيتسارىيىدە، كوممۇنىستلار رادىكاللارنى قوللايدۇ، بىراق بۇ پارتىيىنىڭ بىر بىرىگە زىت ئۇنسۇرلاردىن تەركىب تاپقانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ فرانسىيىچە دېموكراتىك سوتسىيالىزىمچىلار، بىر قىسمىنىڭ رادىكال بۇرژۇئازلار ئىكەنلىكىگە سەل قارىمايدۇ.

پولەكلەر ئارىسىدا كوممۇنىستلار يەر ئىنقىلاۋىنى مىللىي ئازات-لىقنىڭ شەرتى قىلغان پارتىيىنى يەنى 1846 - يىلدىكى كراكوپ قوزغىلىڭىنى قوزغىغان پارتىيىنى قوللايدۇ.

گېرمانىيىدە، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىي ھەركەت قوللانسىلا، گۇڭچەنداڭ ئۇنىڭ بىللە بىلەن پادىشالىق مۇستەبىتلىككە، فېودال يەر مۇلۇكچىلىكىگە ۋە مىشچانلارنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرىدۇ.

لېكىن، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىقى مۇقەررەر ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان ئىجتىمائى ۋە سىياسى شارائىتتىن بۇرژۇئازىيىگە قارشى قورال سۈپىتىدە دەرھال پايدىلىنالىشى

---

نەشرىگە ئىزاھى)

شۇ چاغلاردا فرانسىيىدە ئۆزىنى سوتسىيالىستىك - دېموكراتىك پارتىيە دەپ ئاتىغان پارتىيىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ۋەكىلى لېدرۇ - روللىن، يازغۇچىلار ساھەسىدىكى ۋەكىلى لۇئى بلان ئىدى؛ شۇڭا، بۇ پارتىيە بىلەن ھازىرقى گېرمانىيە سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زىمىن پەرق بار. (ئېنگېلسنىڭ 1890 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى)

ئۇچۇن، گېرمانىيىدىكى ئەكسىيەتچى سىنىپلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىگە قارشى كۈرەشنى دەرھال باشلىشى ئۈچۈن، گۇڭچەندالار ئىشچىلارغا بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك قارىمۇ ـ قارشىلىقنى مۇمكىن قەدەر ئېنىق چۈشىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە بىر مىنۇتمۇ سەل قارىمايدۇ.

كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي دىققەت ـ ئېتىۋارىنى گېرمانىيىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ، چۈنكى گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ھارپىسىدا تۇرۇپتۇ، چۈنكى 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە ۋە 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گېرمانىيە بۇ ئۆزگىرىشنى پۈتۈن ياۋروپا مەدەنىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان شارائىتتا، كۆپ راۋاجلانغان پرولېتارىياتقا ئىگە بولغان ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پەقەت پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ بىۋاستە مۇقەددىمىسى بولالايدۇ.

قىسقىسى، كوممۇنىستلار مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە سىياسى تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى ھەممە يەردە قوللايدۇ.

بۇ ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلار مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، بۇ مەسىلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەرەققىيات دەرىجىسى قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنى ھەركەتنىڭ تۈپ مەسىلىسى قىلىدۇ.

ئاخىردا، كوممۇنىستلار ھەممە يەردە پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك پارتىيىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە كېلىشىمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

كومـمۇنستـلار ئۆزلىرىـنىڭ نۇقـتىنەزەر ۋە ئىسـتەكـلىرىنى يوشۇرۇشـنى راۋا كورمەيدۇ. ئۇلار ئاشكارا جاكالايـدۇكى، ئۇلار پەقەت بارلىق مەۋجۇت ئىجـتىمائى تۈزۈمـنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ. هوكۇمران سىنىپلار كومـمۇنىستىك ئىنقـىلاپ ئالـدىدا دىر تىترىسۇن. پرولېتارلار بۇ ئىنقـىلاپتا پەقەت كىشەندىنـلا ئايرىلـىدۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنـياغا ئىگە بولىدۇ.

**پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!**

## ئىزاھلار

1 «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى» ئىلمىي كوممۇنىزم توغرىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ماركسىزملىق خاراكتېرلىق ھۆججەت. «بۇ كىتاپنىڭ بەت سانى كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى نۇرغۇن چوڭ ئەسەرلەرگە تەڭ: ئۇنىڭ روھى مەدەنىي دۇنيادىكى بارلىق تەشكىللىك، كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان پرولېتارىياتقا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولماقتا.» (لېنىن) ئۇ ماركس بىلەن ئېنگېلس كوممۇنىستلار ئىتتىپاقى ئۈچۈن تەييار-لىغان ماركسىزملىق بولۇپ، 1847 - يىل 12 - ئاي — 1848 - يىل 1 - ئايلاردا يېزىلدى. 1848 - يىل 2 - ئايدا لوندوندا بىرىنچى قېتىم كىتاپچە قىلىپ ئېلان قىلىندى، جەمى 23 بەت ئىدى. 1848 - يىل 3 - ئايدىن 7 - ئايغىچە «خىتاپنامە» يەنە گېرمانىيە قاچقۇنلىرىدىن بولغان دېموكراتلارنىڭ ئورگان گېزىتى «گېرمانلار لوندون گېزىتى» («Deutsche Londoner Zeitung») دە داۋاملىق بېسىلدى. 1848 - يىلى لوندوندا «خىتاپنامە»نىڭ نېمىسچە نۇسخىسى قايتا بېسىلدى، جەمى 30 بەت ئىدى. بۇ نۇسخا كېيىن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ماقۇللۇغىدىن ئۆتۈپ، ھەر خىل نۇسخىلارنىڭ ئاساسى بولدى. «خىتاپنامە» 1848 - يىلى نۇرغۇن ياۋروپا تىللىرىغا (فرانسۇز، پولەك، ئىتالىيان، دانىيىلىكلەر، فلاماند ۋە شۋېت تىللىرىغا) تەرجىمە قىلىندى. 1848 - يىلدىكى تۆرلۈك نەشرلىرىدە ئاپتورلارنىڭ نامى ئاتالمىغان ئىدى. 1850 - يىلى ئەنگلىيە شيەنجاڭچىلىرىنىڭ ئورگان ژورنىلى «قىزىل جۇمھۇرىيەتچىلەر» («The Red Republican») «خىتاپنامە»نىڭ بىرىنچى ئېنگىلىزچە تەرجىمىسىنى باسقاندا، بۇ ژورنالنىڭ تەھرىرى گ. ھارنىي سوز بېشىدا بىرىنچى قېتىم ئاپتورلارنىڭ نامىنى ئاتىدى. — 1 - بەت.

2 1872 ـ يىلى «خىتاپنامە»نىڭ نېمىسچە يېڭى نەشرى چىقىرىلدى، بۇ «خەلق دولىتى گېزىتى» («Der Volksstaat») تەھرىر بولۇمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نەشر قىلىنغان ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىكتە بۇ نەشرى ئۈچۈن بىر سوز بېشى يازدى ھەم تېكستكە بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. 1872 ـ يىلدىكى نەشرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 1883 ـ يىل، 1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە كىتاپنىڭ نامى «كوممۇنىستىك خىتاپنامە»گە ئۆزگەرتىلدى. — 3 ـ بەت.

3 «قىزىل جۇمھۇرىيەتچىلەر» («The Red Republican») 1850 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە گ. ھارنىي نەشر قىلغان شيەنجاڭچىلارنىڭ ھەپتىلىك ژورنىلى. بۇ ژورنال 1850 ـ يىل 11 ـ ئايدا (21 — 24 ـ سانلىرىدا) «گېرمانىيە گۇڭچەنداڭى خىتاپنامىسى» دېگەن تېمىدا «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»نىڭ ئېنگلىزچە بىرىنچى تەرجىمىسىنى باستى. — 3 ـ بەت.

4 «سوتسىيالىزمچىلار گېزىتى» («Le Socialiste») 1871 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1873 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە نيۇ ـ يوركتا نەشر قىلىنغان فرانسۇزچە ھەپتىلىك گېزىت، ئۇ ئىنتېرناتسونالنىڭ فرانسۇزلار جىزبۇسىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى؛ ئۇ ئىنتېرناتسونال شىمالىي ئامېرىكا بىرلەشمىسىدىكى بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنى قوللايتتى؛ گائاگا قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ئىنتېرناتسونال بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزدى. 1872 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا بۇ گېزىت «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»نى ئېلان قىلغان ئىدى. — 3 ـ بەت.

5 بۇ «خىتاپنامە»نىڭ رۇسچە ئىككىنچى نۇسخىسى بولۇپ، 1882 ـ يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىندى. ئېنگېلسنىڭ «روسىيىدىكى ئىجتىمائى مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىگە يازغان ئاخىرقى سوزدە ئېيتىشىچە، بۇ تەرجىمىسىنى پىلىخانوپ ئىشلىگەن ئىكەن. پىلىخانوپ ئۆزىمۇ «خىتاپنامە»نىڭ 1900 ـ يىلدىكى نەشرىدە بۇ تەرجىمىسىنى ئۆزى ئىشلىگەنلىكىنى ئوچۇق كورسەتكەن ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ يېڭى تەرجىمىگە سوز بېشى يازدى. بۇ سوز بېشى 1882 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

روسىيە خەلق ئىرادىسى پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ «خەلق ئىرادىسى» («Народная Воля») ژورنىلىدا رۇس تىلىدا ئېلان قىلىندى. 1882 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى جۇڭگىياڭىنىڭ ئورگان گېزىتى «سوتسىيال ـ دېموكراتلار گېزىتى» («Der Sozial-demokrat») 16 ـ سانىدا بۇ سوز بېشىنى نېمىس تىلىدا ئېلان قىلدى. ئېنگېلس «خىتاپنامە»نىڭ 1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە مۇشۇ سوز بېشىنى كىرگۈزدى. — 6 ـ بەت.

6 بۇ تەرجىمىسى 1869 ـ يىلى نەشر قىلىندى. — 6 ـ بەت.

7 «قوڭغۇراق» («Колокол») روسىيىنىڭ ئىنقىلاۋي دېموكراتىك گېزىتى بولۇپ، ئا. ئى. گېرتسىن ۋە ن. پ. ئوگارىيوپلار تەرىپىدىن 1857 ـ يىلدىن 1867 ـ يىلغىچە رۇس تىلىدا چىقىرىلدى؛ 1868 ـ يىلدىن 1869 ـ يىلغىچە بۇ گېزىت فرانسۇز تىلىدا چىقىرىلدى ھەم ئۇنىڭ رۇسچە قوشۇمچە سانىمۇ چىقىرىلدى. ئۇ 1865 ـ يىلدىن ئىلگىرى لوندوندا چىقىرىلاتتى، كېيىن جەنۋەدە چىقىرىلدى. — 6 ـ بەت.

8 ماركس بىلەن ئېنگېلس 1881 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق ئىرادىسى پارتىيىسىدىكىلەر چار پادىشا ئالېكساندىر IIنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى كوزدە تۇتىدۇ، شۇ چاغدا ئالېكساندىر III «خەلق ئىرادىسى پارتىيىسى» مەخپى ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيى يېڭى تېرورلۇق ھەركىتى قوللىنىپ قالارمىكىن، دەپ قورقۇپ، گاتچىناغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. — 8 ـ بەت.

9 1883 ـ يىلى «خىتاپنامە»نىڭ نېمىسچە ئۈچىنچى نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بۇ — ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېنگېلس سېلىشتۇرۇپ چىققان بىرىنچى نۇسخا. — 9 ـ بەت.

10 1888 ـ يىلى «خىتاپنامە»نىڭ س . مور تەرجىمە قىلغان ئېنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. ئېنگېلس بۇ تەرجىمىسىنى ئوزى سېلىشتۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭغا سوز بېشى يازغان ھەمدە بەزى ئىزاھلارنى قوشقان ئىدى. — 11 ـ بەت.

11 بۇ سوز سۋانسا شەھەرلىك ئىشچىلار بىرلەشمىسى لىشخۇيىنىڭ جۇشىسى بىۋانىنىڭ 1887 ـ يىلى ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئوتكۇزگەن يىللىق قۇرۇلتىيىدا سوزلىگەن سوزىدىن ئېلىنغان؛ بۇ سوز توغرىسىدىكى خەۋەر 1887 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۇنى «جامائەت مەنپەئەتى» («Commonweal»)گە بېسىلغان ئىدى. — 14 ـ بەت.

12 «ۋودخۇل ۋە كلافلىن ھەپتىلىك ژورنىلى» («*Woodhull and Claflin's Weekly*») ئامېرىكىنىڭ ھەپتىلىك ژورنىلى بولۇپ، 1870 ـ يىلدىن 1876 ـ يىلغىچە بۇرژۇئا ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىگى تەرەپدارلىرى ۋ. ۋودخۇل بىلەن ت. كلافلىن نيۇ ـ يوركتا نەشر قىلغان ئىدى. «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى» 1871 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۇنى مۇشۇ ھەپتىلىك ژورنالدا ئېلان قىلىنغان (بەزى جايلىرى تاشلىۋېتىلگەن). — 14 ـ بەت.

13 «خىتاپنامە»نىڭ رۇسچە ئىككىنچى نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلغۇچى توغرىسىدا، ئىزاھ 5كە قاراڭ. — 15 ـ بەت.

14 بۇ يەردە ئېيتىلغان دانىيىلىكچە تەرجىمىسى — K. Marx og F. Engels «Det Kommunistiske Manifest». København, 1885 — دە تاشلىۋېتىلگەن ۋە توغرا بولمىغان بەزى جايلىرى بار ئىدى. ئېنگېلس «خىتاپنامە»نىڭ 1890 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە يازغان سوز بېشىدا بۇنى كورسىتىپ ئوتتى. — 15 ـ بەت.

15 لاۋرا لافارگ ئىشلىگەن فرانسۇزچە تەرجىمىسى 1885 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۇنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۇنىگىچە، «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى، كېيىن يەنە مېرمېينىڭ 1886 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان «سوتسىيالىستىك فرانسىيە» (Mermeix. «La France socialiste». Paris, 1886) دېگەن ئەسىرىگە قوشۇمچە سۈپىتىدە كوچۈرۈپ بېسىلغان.

«سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى» («*Le Socialiste*») فرانسىيىنىڭ ھەپتىلىك گېزىتى بولۇپ، ج.گېسدى 1885 ـ يىلى پارىژدا چىقىرىشقا

باشلىدى. 1902 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى، 1902 ـ يىلدىن 1905 ـ يىلغىچە فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى، 1905 ـ يىلدىن باشلاپ فرانسىيە سوتسىيالىستلىرى پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولدى؛ 80 ـ يىللاردىن 90 ـ يىللارغىچە ف.ئېنگېلس بۇ گېزىتكە ماقالا يېزىپ تۇرغان ئىدى.— 15 ـ بەت.

16 ئىسپانچە تەرجىمىسى 1886 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى ھەم كىتابچە قىلىپ چىقىرىلدى. «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى» («El Socialista») ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، ئىسپانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى جۇڭيانىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى، 1885 ـ يىلدىن باشلاپ مادرىدتا چىقىرىلغان. — 15 ـ بەت.

17 بۇ ئىدىيىنى ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يازغان بىر قاتار ئەسەرلىرىدە بايان قىلغان؛ بۇ ئىدىيىنىڭ بۇ يەردىكى قويۇلۇشى توغرىسىدا «خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»گە قاراڭ. — 17 ـ بەت.

18 «خىتابنامە»نىڭ نېمىسچە توتىنچى نۇسخىسى 1890 ـ يىل 5 ـ ئايدا لوندوندا «سوتسىيال ـ دېموكراتىك كىتابلار»نىڭ بىر خىلى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى، بۇ ـــ ئاپتور كۆرۈپ چىققان ئەڭ ئاخىرقى نۇسخا. بۇ نەشرگە 1872 ـ ، 1883 ـ يىللاردىكى نېمىسچە نەشرىنىڭ سۆز بېشى كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئېنگېلس بۇ نەشرگە يەنە يېڭى سۆز بېشى يازدى. 1890 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى جۇڭيانىڭ ئورگان گېزىتى «سوتسىيال ـ دېموكراتلار گېزىتى»نىڭ 33 ـ سانىدىكى «"كوممۇنىستلار خىتابنامىسى"نىڭ يېڭى نەشرى» سەرلەۋھىلىك باشماقالىسىدا ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆز بېشى قىسقارتىپ بېسىلدى؛ 1890 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ئىشچىلار گېزىتى» («Arbeiter-Zeitung»)نىڭ 48 ـ سانىدىكى ئېنگېلس تۇغۇلغانلىقىنىڭ

70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ يېزىلغان باشماقالىسىدا بۇ سوز بېشى يەنە قىسقارتىپ بېسىلدى. — 21 ـ بەت.

19 ئېنگېلس بۇ يەردە 1883 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئۆزى يازغان سوز بېشىنى كوزدە تۇتىدۇ. — 21 ـ بەت.

20 ئېنگېلس، يوقتىپ قويۇپتىمەن، دىگەن «خىتاپنامە»نىڭ رۇسچە نەشرىگە ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىشىپ يازغان بۇ سوز بېشىنىڭ نېمىسچە قوليازمىسى كېيىن تېپىلدى. ئېنگېلس رۇسچىدىن نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغاندا، بۇ سوز بېشىغا ئايرىم تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن. — 21 ـ بەت.

21 كيۇلىندىكى كوممۇنىستلار ئەنزىسى (1852 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى — 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) پرۇسسىيە هوكۇمىتى ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىققان ئەنزە. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ رەھبەرلىگىدىكى، «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»نى گاڭلىك قىلغان پرولېتارىياتنىڭ تۇنجى خەلقارا كوممۇنىستىك تەشكىلاتى — كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى (1847 — 1852)نىڭ 11 نەپەر ئەزاسى «ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىش خاراكتىرىدا مەخپى سۇئىقەست ئېلىپ باردى» دىگەن جىنايى نام بىلەن پرۇسسىيە هوكۇمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، فاتىڭنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. فاتىڭغا قويۇلغان ئاتالمىش دەلىل ـ ئىسپاتلار كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيى يىغىنىنىڭ پرۇسسىيە ساقچى ـ پايلاقچىلىرى ئويدۇرۇپ چىققان «ئەسلى خاتىرىسى» ۋە باشقا بەزى ئويدۇرما هوججەتلەر شۇنىڭدەك ساقچى ئىدارىسى كوممۇ- نىزمچىلار ئىتتىپاقىدىن هەيدەپ چىقىرىلغان ۋىلىخ ـ شاپپېر تەۋەككۇلچىلەر گۇرۇھىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن بەزى هوججەتلەر ئىدى. فاتىڭ ئويدۇرما هوججەتلەر ۋە ساختا ئىسپاتلارغا ئاساسەن، سوراققا تارتىلغانلاردىن 7 كىشىگە 3 يىلدىن 6 يىلغىچە قورولغا قاماش جازاسى هوكۇم قىلدى. بۇ ئەنزىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ئىغۋاگەرلىك هەركىتى ۋە پرۇسسىيە ساقچى دولىتىنىڭ خەلقارا ئىشچىلار هەركىتىگە قارىتقان

پەسكەش ۋاستىلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئېچىپ تاشلانغان (ئېنگېلس. «يېقىنقى كيۆلن ئەنزىسى»گە ۋە ماركس. «كيۆلندىكى كوممۇنىستلار ئەنزىسىنى ئاشكارىلاش»قا قارالسۇن). — 26 - بەت.

22 بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ جەنۋە قۇرۇلتىيى 1866 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىل جەمى 60 بولۇپ، ئۇلار جەمىيەتنىڭ باش ۋېيىيۈەنخۇيى ۋە جىبۇلىرىغا شۇنىڭدەك ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە شۋېيتسارىيىلەردىكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. قۇرۇلتاي جۇشىسى ھ. يۇنگ ئىدى. ماركس يازغان «ۋاقىتلىق جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋەكىللەرگە يوليورۇغى» باش ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ رەسمى دوكلادى قىلىنىپ، قۇرۇلتايدا ئوقۇپ ئۆتۈلدى. قۇرۇلتايدا ئۈچتىن بىر ئاۋازنى ئىگىلىگەن پرۇدونىزمچىلار بۇ «يوليورۇق»قا قارشى تۇردى، ئۇلار كۈنتەرتىپنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك گاڭلىڭىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن باش ۋېيىيۈەنخۇيىنى ھىمايە قىلغۇچىلار مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ زور كۆپچىلىگىدە غەلىبىگە ئېرىشتى. «يوليورۇق» جەمى 9 نۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 نۇقتا (خەلقارا بىرلەشمە ھەركەت توغرىسىدىكى، قانۇن چىقىرىش رەسمىيىتى ئارقىلىق ئىش كۈنىنى 8 سائەت قىلىپ چەكلەش توغرىسىدىكى، بالىلار ئەمگىكى ۋە ئاياللار ئەمگىكى توغرىسىدىكى، ھەمكارلىق ئەمگىكى توغرىسىدىكى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى توغرىسىدىكى، دائىمىي ئارمىيە توغرىسىدىكى نۇقتىلار) قۇرۇلتاينىڭ قارارى سۈپىتىدە ماقۇللاندى. جەنۋە قۇرۇلتىيى يەنە خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە تىياۋلىسىنى تەستىقلىدى.

1889 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە پارىژدا خەلقارا سوتسىيالىستىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئەمەلىيەتتە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى بولدى.

قۇرۇلتاي ئۇتكۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى، ماركسىزمچىلار ئېنگېلسنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، فرانسىيە جىخۇيجۇيىچىلىرى (مۇمكىنچىلەر) ۋە ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە سوتسىيال - دېموكراتىلار ئىتتىپاقىدىكى ئەگەشكۇچىلىرى بىلەن قاتتىق كۇرەش ئېلىپ باردى. جىخۇيجۇيىچىلار قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئۇرۇندى، ئۇلارنىڭ مەقسىدى قۇرۇل-تاينىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تارتىۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى سوتسىيالىستىك تەشكىلاتلار ۋە ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ يېڭى خەلقارا بىرلەشمىسىنى ماركسىزم ئاساسىدا قۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش ئىدى. لېكىن، قۇرۇلتاي ماركسىزمچى پارتىيىلەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدا چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي 1889 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۇنى يەنى باستىل تۇرمىسىنىڭ ئېلىنىشىنىڭ 100 يىللىقى كۇنى ئېچىلدى. قۇرۇل-تايغا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى 20 مەملىكەتتىن كەلگەن 393 ۋەكىل قاتناشتى. مۇمكىنچىلەرنىڭ قەستى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ماركسىزم-لىق قۇرۇلتاي بىلەن قارشىلىشىش ئۇچۇن، ئۇلارمۇ 1889 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۇنى پارىژدا قۇرۇلتاي ئۇتكۇزدى. مۇمكىنچىلەرنىڭ قۇرۇلتىيىغا پەقەت ئاز ساندىكى چەتئەل ۋەكىللىرىلا قاتناشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئىچىدىكى زور كوپچىلىك كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى يالغان ئىدى.

خەلقارا سوتسىيالىستىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ھەرقايسى سوتسىيالىس-تىك پارتىيىلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىكى ئىشچىلار ھەركىتى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدى، خەلقارا ئىشچىلارنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى تۇپ پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلىدى، 8 سائەتلىك ئىش كۇنىنى قانۇن چىقىرىش رەسمىيىتى ئارقىلىق بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەلەپنى قوبۇل قىلدى، ئىشچىلارنىڭ ھەر تۇرلۇك تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشنىڭ يوللىرىنى كورسەتتى. قۇرۇلتاي پرولېتارىياتنىڭ سىياسى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش لازىملىقىنى، ئىشچىلارنىڭ سىياسى تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن كۇرەش قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ

كورسەتتى؛ دائىمى ئارمىيىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىنىشىنى دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. قۇرۇلـتاينىڭ ئەڭ موھىم قارارى 1 ـ ماينى خەلقارا پۈرولېتارىياتنىڭ بايرىمى قىلىپ بەلگىلىگەنلىگى بولدى. ــ 30 ـ بەت.

23 1892 ـ يىلى پولشا سوتسىيالىستلىرى لوندوندا چىقىرىۋاتقان «تاڭ نۇرى» («Przedświt») ژورنىلى نەشرىياتى «خىتاپـنامە»نىڭ پولەكـچە يېڭى تەرجىمـىسىنى نەشر قىلـدى. ئېنـگېلس بۇ تەرجىمىسگە سوز بېـشى يازدى. ئېنگېلس بۇ سوز بېشىنى «تاڭ نۇرى» نەشرىياتىغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، 1892 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ستانىسلاۋ مېنـدېلسونغا يازغان خېتىدە پولشا ئىشچىلار ھەركـىتىنىڭ تەرەقـقىياتىنى چوڭـقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، كەلگۈسدە ئوزىنىڭ پولەكچىنى ئىگەللىۋېلىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىغىنى، شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە پولەكچە «خىتاپنامە»نىڭ كېيىنكى نەشرىگە تولۇقـراق بىر سوز بېشى يازىدىغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى. ــ 32 ـ بەت.

24 يىـغىن جوزىـسى ئۈستىدىكى پولـشا 1814 ـ ، 1815 ـ يىللىرىدىـكى ۋېنا يىغىـنىنىڭ بەلـگىلىمىسگە ئاساسەن، پولـشا پادىشالىغىنىڭ نامـى بىلەن روسىيىگە بولۈپ بېرىلگەن ئەنە شۇ بىر قىسىم پولشا زىمىنىنىڭ ئاتىلىشى. ــ 33 ـ بەت.

25 1893 ـ يىلى ئېنگېلس «خىتاپنامە»نىڭ ئىتالىيانچە نەشرىگە «ئىتالىيان كىتاپخانىلارغا» دىگەن تېمىدا سوز بېشى يازدى. بۇ سوز بېشى ئىتالىيە سوتسىيالىستـلار پارتىيىسـىنىڭ داھىـيسى ف. تۇراتـىنىڭ ئىلـتىماسىغا بىنائەن يېزىلـغان ئىـدى. ئىتالىيانچە «خىـتاپـنامە»نى بېتتىنى، سوز بېشىنى تۇراتـى تەرجـىمە قىلـغان ئىـدى. بۇ كىتاپـچە 1893 ـ يىـلى مىلانـدا سوتسىيالىسـتلار پارتىيىسىنىڭ نەزـرىيە ژورنىلى «ئىجـتىمائى پىكـىرلەر»(«Critica Sociale») ژورنـىلى نەشـرىياتى تەرىـپىدىن نەشـر قىلىندى. ــ 36 ـ بەت.

26 ماركـس نۇرغۇن ئەسەرلىـرىدە بولۇپـمۇ «1859 ـ يىلـىدىكى ئېرفـۇرت

روھى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق ئىدىيىنى بايان قىلغان ئىدى: ئەكسىيەتچىلەر 1848 ـ يىلدىن كېيىن ئالاھىدە ئىنقىلاپنىڭ ۋەسىيتىنى ئورۇنلىغۇچى رولىنى ئويناپ چىقتى، ئىنقىلاپ تەلىۋىنى سوزسىز ئورۇنلىدى، گەرچە بۇ بىر خىل كۈلكىلىك، بۇرمىلانغان ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ. — 37 ـ بەت.

27 ماركس بىلەن ئېنگېلس كېيىنرەك يېزىلغان تۈرلۈك ئەسەرلىرىدە «ئەمگەكنىڭ قىممىتى» ۋە «ئەمگەكنىڭ باھاسى» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملار ئورنىغا «ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتى» ۋە «ئەمگەك كۈچىنىڭ باھاسى» دېگەنگە ئوخشاش توغرىراق ئۇقۇملارنى ئىشلەتكەن (بۇلارنى ماركس ئىشلىتىشكە باشلىغان). — 55 ـ بەت.

28 جېگىتوگچىلار فرانسىيىدىكى 1792 ـ يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان، چوڭ يەر ـ زېمىن ئاقسوڭەكلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك راھىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بوربون سۇلالىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى. ئۇلار 1830 ـ يىلى، بۇ سۇلالە ئىككىنچى قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئاندىن پارتىيە بولۇپ شەكىللەندى. پۇل مۇئامىلە ئاقسوڭەكلىرى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنى ئاساسىي تايانچ قىلغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورلېان سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان ۋاقىتىدا، بىر قىسىم جېگىتوگچىۋېچىلار دائىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى دەستەك قىلىپ، ئازدۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى، ئەمگەكچىلەرنى قوغدايمىز، ئۇلارنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراتمايمىز دېيىشكەن ئىدى.

«ياش ئەنگلىيە» ئەنگلىيە تورى پارتىيىسى ئىچىدىكى بەزى سىياسى ئەربابلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ گۇرۇھى بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان ئىدى. «ياش ئەنگلىيە»دىكى ئەربابلار يەر ـ زېمىن ئاقسوڭەكلىرىنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسى كۈچىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىغا قارىتا كوڭلىدە نارازى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلار ئازدۇرۇش ۋاستىلىرىنى

قولـلىنىپ، ئىشچىلار سىنىپىنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىغا ئېلىشقا ھەم ئىشچىلار سىنىپىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. — 85 ـ بەت.

29 بۇ يەردە «ئىسلاھات گېزىتى» («La Réforme») نىڭ قولـلىغۇچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ھەم دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. — 104 ـ بەت.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1971年4月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاپ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەھرىر - تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1971 - يىل 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ماركس ئېنگېلس

گوڭچەندانىڭ خىتاپنامىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە
نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

1971 - يىل 12 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
**1972 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا 2 - قېتىم بېسىلدى**
0.18 يۈەن

MARX/ENGELS
MANIFEST
DER KOMMUNISTISCHEN
PARTEI

马克思　恩格斯
共　产　党　宣　言
（维吾尔文）
民族出版社翻译出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
1971年12月第一版
1972年3月北京第二次印刷
书号M1049(4)166　每册0.18元